# 1 .ئەگەر بىر كۈن پەيغەمبىرىمىز ئۆيىڭىزگە كەلسە...

## تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:مەلەك

ئەگەر بىر كۈن پەيغەمبىرىمىز ئۆيىڭىزگە كەلسە،بىر نەچچە كۈن تۇرماق ئۈچۈن
تۇيۇقسىز ئىشىكىڭىزنى چەكسە،قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.
بىلىمەن، ئەڭ گۈزەل ھۇجرىڭىزنى ئاچىسىز،ئەڭ شىرىن تاماقلىرىڭىزنى ئېتىسىز،ئۇنىڭ
ئۆيىڭىزدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالىسىز،ئۇنىڭ ئۆيىڭىزدە بولغىنىدىن تەڭداشسىز
ھوزۇر ۋە بەخت ھىس قىلىسىز.
ئەمما شۇنى بىلگۈم كىلىۋاتىدۇ،پەيغەمبىرىمىز ئۆيىڭىزگە كەلگەندە ئۇنى ئىشىك
ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالامسىز ياكى ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن ئاۋال،ئالدىراپ
- سالدىراپ ،ھودۇقۇپ ئۆيىڭىزدىكى گىزىت - ژورناللارنى تىقىپ،ئورنىغا
قۇرئان - كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى قويۇپ قويۇش ئۈچۈن يۈگرەمسىز؟يەنە
ئامىرىكىنىڭ رومانتىك فىلىملىرىنى كۆرەلەمسىز تىلىۋىزۇردىن،ياكى ئۇ خاپا بولۇشتىن
بۇرۇن ئۆچۈرىۋىتىشكە يۈگرەمسىز؟
كىم بىلىدۇ؟بەلكىم ئىچىڭىزدە توختىماي ئاغزىڭىزدىن ئېھتىياتسىزلىقتىن سەت
گەپلەرنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكىنى تىلىشىڭىز مۇمكىن.
كىتاپ جاھازىلىرىڭىزدىكى قاتارى تىزىلغان مۇزىكا پىلاستىنكىلىرى ئورنىغا توپا بېسىپ
كەتكەن ھەدىس توپلىمىنى تىزىپ قويامسىز؟

پەيغەمبەر ئەپەندىمىزنى شۇ هامان ئۆيىڭىزگە تەكلىپ قىلامسىز؟ياكى« قانداق قىلارمەن» دەپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇڭ ـ سولىڭىزغا يۈگرەمسىز؟
تولىمۇ قىزىقىۋاتىمەن،پەيغەمبىرىمىز ئەگەر ئۆيىڭىزدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالسا،كۈندە قىلىدىغان شۇ ئىشلىرىڭىزنى يەنە داۋاملاشتۇرالامسىز؟
ئۆيىڭىزدىكى سۆھبەت هەر كۈنكىدەك داۋاملىشارمۇ؟تاماقتىن كيىن دۇئا قىلىش يەنە ئېغىر كېلەرمۇ؟ يۈزىڭىزنى پۈرۈشتۈرمەستىن،ئاھ چەكمەستىن نامىزىڭىزنى ئوقۇيالامسىز؟
بامدات نامىزى ئۈچۈن ئىسسىق يوتقىنىڭىزدىن  بالدۇر سۇغۇرلۇپ چىقالامسىز؟ كۈندە ئوقۇيدىغان شۇ ناخشىلىرىڭىزنى غىڭشىيالامسىز؟شۇ كۈندە ئوقۇيدىغان كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇيالامسىز؟
مىڭىڭىز ۋە روھىڭىزغا ئورناپ كەتكەن شۇ شەيئىلەرنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟
ئۇنى كۈندە بارىدىغان شۇ سورۇنلىرىڭىزغا باشلاپ بارالامسىز؟ياكى پىلانلىرىڭىزنى بىرنەچچە كۈن ئۆزگەرتەمسىز؟
ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟ياكى پەيغەمبىرىمىز كەتكەنگە قەدەر شۇ دوستلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقنى تىلەمسىز؟
ئەمدى يۈرەكلىك هالدا بىر جاۋاب بېرىپ بىقىڭ،پەيغەمبەر ئەپەندىمىزنىڭ ئۆيىڭىزدە مەڭگۈگە قېلىشىنى خالامسىز؟ياكى «ئۇف! ئاخىرى كەتتى» دەمسىز.
بۇلارنى بىلمەك ۋە چۈشەنمەك تولىمۇ قىزىقىشىمنى قوزغاۋاتىدۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟
ئەگەر بىر كۈن پەيغەمبىرىمىز ئۆيىڭىزگە كەلسە،بىر نەچچە كۈن تۇرماق ئۈچۈن تيۇقسىز ئىشكىڭىزنى چەكسە،قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزغا بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.

# 2.بىر قىزدىن مەكتۇب



قولۇمغا قەلەم ئالدىم،يوغان بىر قەغەز بېرىڭلار ماڭا،پۈتۈن كەچمىشىمنى يازماقچىمەن.

سەۋدا يارىسىدىن ئەمەس ئېقىۋاتقان بۇ قان ياشلىرىم.

دوختۇرخانىنىڭ دەرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆز خاتالىقلىرىمغا پىچىرلاۋاتىمەن.

مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن قانچىلىك ئۈمىدلەرگە تولغان بولغىيتى ئائىلەم؟

تۇغۇلدۇم،خوش بولۇشتى،ئىسمىمنى قويدى،ئەمگەك سىڭدۈردى.

«ئانا»دەپ تىلىم چىققاندا ھەيران قېلىشتى،ئايىغىم چىققاندا خۇشاللىقى كۆككە يەتتى.

تامغا چاپلانغان ئېلىپبە رەسمىنى يادلاپ بولغىنىمدىن پەخىرلىنىشتى.نەتىجەمنىڭ ھەر يىلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىۋاتقىنىدىن سۆيۈنۈشتى.

«مېنىڭ قىزىم ئادۇۋكات بولىدۇ»دېيىشتىلەر. بىرىنچى قېتىم ئۆتەلمىگىنىمدە ھەممىسى ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ كېتىشتى، ئىككىنچى قېتىم ئۆتكىنىمدە تەبرىكلىمىگەن ئادەم قالمىدى.

رومال ئارتىشنى قاچان خىيال قىلسام شۇ چاغ «مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئارتىمەن»دەپ ئۆز-ئۆزۈمگە جاۋاب بېرىپ يۈردۈم.

مەن خالىغان ھەممە ئىش بولدى، ھەممە نەرسەم تەل بولدى ئانا، ئەمما مەن خەيرلىك ئىشنى قىلماپتىمەن، ئېرىشكەنلىرىم ماڭا ھوزۇر-بەخت ئېلىپ كەلمىدى.

چۈنكى مەن خەيرلىكنى ئارزۇلاپتىمەنيۇ، شۇنى قىلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلماپتىمەن.

رومالللىق قىز بولۇشنى ئەتىگە قويۇپ مېڭىۋېرىپتىمەن. قىلىشىم كېرەك بولغان ئىشلەرنى دائىملا كېيىنگە سۆرەپتىمەن.

مانا ئەمدى شۇ كېيىنگە ئۇلاشتىم، قىلىدىغان ئىشلىرىمغا تولىمۇ كېچىكىپ قالدىم. خۇددى ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ياشايدىغانلىقىمنى، قاچانغىچە ياشايدىغانلىقىمنى بىلىدىغاندەك ھەممىنى كېيىن قىلىمەن دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئالداپ كەپتىمەن.

ۋاقتىم بار چاغدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھېچئىش قىلماپتىمەن، ساپلا دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپتىمەن.

ئازابلىنىشىم پەقەت ھىجاپقا كىرەلمىگىنىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى نامازلىرىمنىمۇ ئادا قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈندۇر، بۇنى دېيىشتىنمۇ خىجىل بولىۋاتىمەن.

كېسەل بولغىنىمدىنلا، ئۆزۈم ئۆيلىغاندەك ئۇزۇن ياشيالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

ئايىغىم چىققاندا خوش بولغان ئانا!! قارىغىنە مانا ئەمدى بىچارىلىككە قاراپ يۈگرەۋاتىمەن.

رەببىمنىڭ رەھمىتىگە، مەغپىرىتىگە تەشنا بولىۋاتىمەن.

تۆۋبە قىلىۋاتىمەن.

ماڭا ئوخشاشلارغا خىتاب قىلىۋاتىمەن:

ئەگەر ئورنىڭنىڭ پەرىز ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز،ھەم ئورنىڭنى ئويلىسىڭىز،ھەرگىز ئەتىگە قويماڭ.چۈنكى قايسىمىز بىلمىز،قانچىلىك ياشىيالايدىغانلىقىمىزنى.ۋاقتىڭىزنىڭ بارىدا قولىڭىزدىن كەلگەننى قىلىۋېلىڭ،ۋە شۇنى بىلىڭكى قىلغان ھەربىر ئىشىڭىز پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولسۇن.

ئەتىگە قويۇپ كېچىكىپ قالماڭ!

خەير!!!

# 3.ئەي سۆيۈملۈك

**ئەي سۆيۈملۈك**

**سەن كەتكەندىڭ**

**قويۇپ بىزنى يالغۇز بېشىمىزغا،**

**تاشلاپ شۇ پاك قوللىرىمىزنى،**

**غۇربەتتىگە سالغانتىڭ بىزنى .**

يېتىم قالدۇق،بېقىمسىز قالدۇق،

قوللىرىمىز كىرلەندى يوقلۇقىڭدا .

سەن كەتكەندىڭ .

ئايرىلىش دېگەن خەتنى بىرمۇ بىر ھەجىلەپ يىغلىماقتىمىز ئەمدى .

ئەي سۆيۈملۈك! ساڭا قانداق ئىلتىجا قىلسام بولۇر،

ھوزۇرىڭغا قانداق بارىمەن،يالۋۇراي .

ئاڭلاۋاتامسەن سۆزلىرىمنى،ئاڭلاۋاتامسەن سۆزىمىزنى ئەي ئەپەندىم .

ئەي سۆيۈملۈك سەن مۇھەببەت ئىقلىمدا سۇلتان،

گۈزەللىك سەھنىسىدە تولۇنئاي،

ۋ اپا ئاسمىنىدا ھىلالسەن.

بىز سېنىڭ بىر بېقىشىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن تىلەمچى بىز .

بىز تولۇنئايغا ئاشىق بولغانلار.سەن گۈزەللىك ئوردىسىنىڭ پادىشاھىسەن .

سەن سەھەر يۇلتۇزىنىڭ نۇرلىرىسەن .بىز غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ كارۋانچىلىرى .

دەرد ـ ئازاپ دېڭىزىنىڭ ئۈنچىلىرى بىز .

بۇلبۇللار سېنى كۈيلىمەكتە ،چۈشكۈنلەشكەنلەرگە ،ئىگراشلارغا قۇلاق سال ئەي ئەپەندىم.

بىزنى قولۇڭنىڭ كەينى بىلەن ئىتتەرمەيسەنغۇ ھە .

ئەي سۆيۈملۈك سەن كەتكەنىدىڭ .

يوقلىقىڭدىن ئۆزىمىزنى يوقاتتۇق ،ئەقلىمىزنى يوقاتتۇق.

سەن كەتكەنىدىڭ.

پولات مەرمەرگە يېپىشتى ،ئىرادىگە قۇرۇت چۈشتى.

ھەسرىتىڭدىن ئەقىل يۈتتۈرۈلدى ئەي ئەپەندىم.

كۆڭۈللەر چۆلگە چۈشتى ،قۇچاق ـ قۇچاقتىكى قۇياشىمىز ئۆچتى.

لەۋلىرىمىز قۇرىدى .سەن كەتكەنىدىڭ ئەپەندىم .

سەن كەتكەنىدىڭ .سەن بىلەن بىرلىكتە ھەر شەيئى كەتتى.

سۆزلىرىمىز مەنىسىنى يوقاتتى .

زەپەر قۇچقان ئەرلىرىمىز تۇتقۇن بولدى.

ھىچبىر ئىشتا غەلبە قىلالمىدۇق ئەي ئەپەندىم .

ئالداندۇق ،پەقەت ئالدىنىپ كەلدۇق .

ئىسپاتىمىزنى ،ئىسپاتلىرىمىزنى يۈتتۈردۇق .

تىللىرىمىز تىلىم-تىلىم قىلىۋېتىلدى ئەي ئەپەندىم.

دەسلەپ بىزگە سۆيۈشنى ئۇنتۇلدۇردى،

كېيىن سۆيگۈنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنۇتتۇردى

.كەينى-كەينىدىن زەربە يېدۇق ئەپەندىم،

سەن كەتكەنىدىڭ .

ئەي سۆيۈملۈك سەن كەتكەنىدىڭ ...

بىردىنبىر سىغىنىشىمىز،ئىشەنچىمىز ئىدىڭ،

ئەپسۇس خەير دەپ كېتىپ قالدىڭ .

بىز ئۈمىد ئىشكىدە سولىنىپ قالدۇق.بىزگە قالدۇرغان شۇ يولۇڭدا مېڭىشنى خالايتۇق،

ئەپسۇس بېشىمىزنى كۆتۈرۈشىمىزگە يىقىلدۇق،دۇم چۈشتۇق .

ئەي سۆيۈملۈك !

سەن بىر سۆيگۈ ئىدىڭ،بىر گۈزەللىك ئىدىڭ،

. گۈزەللىكىڭ جاھاننى كۆرسىتىدىغان بىر ئەينەك ئىدى.

**مۇھەببىتىڭ شۇ ئەينەكنىڭ شولىسى ئىدى.**

**سەن بولمىغان بولساڭ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتى جاھان.**

**مۇھەببىتىڭ بولمىسا گۈزەللىكىنمۇ چۈشەنمىگەن بولاتتى.**

**ئەي سۆيۈملۈك،دەردلەرگە دەرتمەنلەرگە يېقىن ئىدىڭ**

**.چارىسىزلەرنىڭ چارىسى،كىسەلمەننىڭ مەلھىمى ئىدىڭ.**

**سائادەتتە ياشاپ ھەم سائادەت دەۋرىنى ياشاتقۇزغانتىڭ.**

**كېتىشىڭ بىلەن كەپتەرلەر توزاققا چۈشتى.**

**دۈشمەنلىرىمىز دوست،دوستلىرىمىز دۈشمەن بولدى.**

**ئۆزىمىزنى ئۇنۇتتۇق،سېنى بىلمەس بولدۇق ...**

ساڭا مۇھتاج بىز،ساڭا ئەڭ مۇھتاج بىز.ئەڭ مۇھتاج بىز ساڭا .

ئويغات بىزنى ئۇيقۇمىزدىن.كەل ئەي سۆيۈملۈك،

بىر كەل،بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن كەل.

كەل ئۇپۇقىمىزغا،قاپلا دۇنيايىمىزنى،كىرگىن قايتىدىن شۇ كۆڭلۈمىزگە .

ساڭا مۇھتاج بىز.

ساڭا ئەڭ مۇھتاجى بىز .

# 4.چۈشەندىم

شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ماڭا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقانلىرىڭنى ،ئۆزۈمنى تاپقاندا چۈشەندىم .

ھەر ئادەمنىڭ ئۆز بەختىنى تېپىش ئۈچۈن باسىدىغان بىر يولى بار ئىكەن،ئۆز يولۇمنى تاپقاندا بۇنى چۈشەندىم .

ھاياتنى پەقەت ياشاش ئارقىلىقلا چۈشىنىدىكەنسەن،ھەرگىزمۇ كىتاپتىن ئوقۇپ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلاپ چۈشەنمەيدىكەنسەن،بۇ ھاياتنىڭ بىلگەنلىرىنى ماڭا نىمە ئۈچۈن ئۆيتىپ بەرمىگەنلىكىنى چۈشەندىم .

دۇنيادا مېھىر-مۇھەببەتسىز ياشىغلى بولمايدىكەن،مۇھەببەتنىڭ پىشىدىن نىمە ئۈچۈن يالاڭئاياغ يۈگۈرگىنىمنى چۈشەندىم .

ئازابقا دۇچ كەلگىنىمىزدە كۆزلىرىمىزگە ياش كەلمەيدىكەن،نىمە ئۈچۈن يىغلىيالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندىم .

يىغلىغاننى كۈلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆز يېشىمنى كۈلكىگە ئايلاندۇرغىنىمدا چۈشەندىم .

بىر ئادەمنى نۇرغۇن ئادەم خاپا قىلالايدىكەن ،ھەممىدىن جىق ئازابلايدىغىنى دەل ئۇنىڭ سۆيگىنى ئىكەن،بۇنى ئازابلانغىنىمدا چۈشەندىم .

يالغان سۆزلىيەلىگەن نوچى ئەمەس،رىئاللىقنى يوشۇرمىغان نوچى،بۇنى ئۇ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالقىنىمغا تۇتقۇزغىنىدا چۈشەندىم .

»ساڭا مۇھتاجمەن،كەل » دېيەلمەك كۆچلۈكلۈكنىڭ ئىپادىسى ئىكەن،بۇنى ساڭا «يوقال،كەت»دېگىنىمدەچۈشەندىم .

بىرسى ساڭا « كەت،يوقال» دېسە،«ياق ،مەن قىلىشنى خالايمەن» دېيەلىسەڭ مانا بۇ سۆيۈش ئىكەن ،بۇنى ئۇ ماڭا « كەت»دېسە كەتكىنىمدە چۈشەندىم .

ساڭا بولغان سۆيگۈم كەپسىز بالىغا ئوخشايدىكەن،يىقىلىپ چۈشكىنىدە ۋارقىراپ يىغلايدىغان،بۇنى سەن ماڭا مېھىر بىلەن ئاتىلارچە بۇچاق ئاچقىنىڭدا چۈشەندىم .

ھەقىقى پۇشايمان قىلىش پەقەت كەچۈرۈم سوراشلا ئەمەس بەلكى « مېنى ئەپۇ قىل» دەپ بار كۈچى بىلەن ۋارقىراش ئىكەن،بۇنى پۇشايمان قىلغىنىمدا چۈشەندىم .

ۋىجدان ـ ئاجىزلارنىڭ نىقابى ئىكەن،سۆيگۈ تولغان يۈرەكلەردە ۋىجدان بولمايدىكەن،يۈرىكىمگە سۆيگۈ تولغاندا بۇنى چۈشەندىم .

ئۆلگۈچە خالاش،ئۈمىد قىلىش،ۋاز كەچمەسلىكنى،سېنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى بىر ئۆمۈر كۈتكىنىمدە چۈشەندىم .

سۆيۈش ـ بىر ئەمگەك ئىكەن،بىر ئۆمۈر تاشلىۋەتسە بولمايدىغان لېكىن چوقۇم ئەركىن قويۇۋەتمىسە بولمايدىغان....

# 5. ئاۋاز

يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتقىنىڭدا ئىشىكتە ئاچقۇچنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساڭ، بىلگىنكى ـ سەن يالغۇزسەن.

چىراغ كونۇپكىسىنى باسقىنىڭدا چىت قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىساڭ، بىلگىنكى سەن يەنە يالغۇزسەن.

ئۇخلاش ئۈچۈن كارىۋاتقا چىققىنىڭدا يۈرىكىڭنىڭ سوقۇش ئاۋازىدىن بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىساڭ، بىلگىنكى سەن يالغۇزسەن.

بىر سادا سېنى ئۆتمۈشنى ئەسلەشكە مەجبۇر قىلسا، بىلگىنكى سەن يالغۇزسەن.

يالغۇزلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەي قۇتۇلۇشنى ئويلىساڭ، قۇتۇلۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە يالغۇزسەن.

# 6. مېنىڭ كىمىم بار ئىدى؟

ئۆيۈڭدىن، كىتاپلىرىڭدىن يىراقتىمۇسەن؟ئۇنداقتا ئۆزۈڭگە بىر تېلېفون قىلغىن، مەكتۇپ يازغىن، جاۋابىنى كۈتمەستىن، بارغان ھەربىر يېرىڭدىن تەبرىك كارتىلىرىنى ئەۋەتكىن. سۆيۈملۈكۈم دەپ باشلىنىپ، سېنى سۆيىمەن دەپ ئاخىرلاشقان مەكتۇپلارنى ياز، سېنىڭ سەندىن باشقا كىمىڭمۇ بار ئىدى، ئىزدەي دېسەڭ.

پويىزدىن ياكى ئايروپىلاندىن چۈشكىنىڭدە يالغۇزلۇقىڭنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۈتىۋالغىن.

ئۆز ـ ئۆزۈڭنى قايتىش بولمىغان سەپەرگە ئاتنۇەتكىن. ئۆزۈڭنى كۆتكىن، «قايتىپ كەل» دەپ سەبىر ئىچىدە كۈتكىن، سېنىڭ سەندىن باشقا كىمىڭ بار ئىدى كۆتىدىغان.

شاراپ ئۈستىلىدە ئۆزۈڭ ياپ ـ يالغۇز قالدىڭمۇ؟ سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭگە يېتىپ ئاشىسەن. ئۆزۈڭ بىلەن قانغۇدەك مۇڭداشقىن، قەدەھنى ئۆزۈڭنىڭ ھۆرمىتىگە كۆتۈر! ئۆزۈڭ بىلەن يىغلا، كۈل، تارتىشىپ ئوينا، سېنىڭ سەندىن باشقا يەنە كىمىڭ بار ئىدى؟

دۈشمەنلىرىڭنىڭ زەربىسىدىن يەرگە يىقىلغىنىڭدا ئۆز بېشىڭنى ئۆزۈڭ سىلىكىپ، چاچلىرىڭنى يۇلۇپ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتكىن، ساڭا ئۆزۈڭنى تونۇتىدىغان بىر ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم يوق.

ئۆلگەندە سېنىڭمۇ خەۋىرىڭ بولمايدۇ، شۇڭا ئۆزۈڭگە ئۆلۈم خەۋىرىڭنى يەتكۈز. سېنىڭ كىمىڭ بار ئىدى، ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان.

ئۆزۈڭنىڭ مېھمىنى ھەم ساھىبخانىسەن، ۋاقتىڭنىڭ بارىدا ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئەزىزلە. ئۆزۈڭنى سۆي، ھازىردىن باشلاپ سۆيۈشنى باشلا، سېنى سۆيىدىغان ئۆزۈڭدىن باشقا يەنە كىمىڭ بار ئىدى.

# 7. مەن شۇنى خالايمەنكى ....

مەن شۇنى خالايمەنكى، بۇلۇتلار يىغلىسۇن، ئەمما باللار يىغلىمىسۇن ، يېتىملىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسۇن.

مەن شۇنى خالايمەنكى، ھەربىر گىياھ ئۆز تىلىدا سۆزلىسۇن، ئەمما قورالللارنىڭ ئاۋازى بېسىقسۇن.

مەن

مەن شۇنى خالايمەنكى، بارلىق ئىشكىلەرئېتىلسۇن زۇلمەتكە قارشى ،ئەمما كۆزلەر ۋە قەلبلەرنىڭ ئىشكى ئېتىلمىسۇن.

مەن شۇنى خالايمەنكى ئوتلار ئۆچۈرۈلسۇن،ئەمما ئۈمىد ھەرگىز ئۆچمىسۇن.

ھەممە ئۆز شېخىدا مىۋە بەرسۇنكى،دىللارغا قاتتىق بىر سۆز تەگمىسۇن.

مەن شۇنى خالايمەنكى،شاخلار بەرىكەتتىن ئېگىلسۇنكى،ئىنسان ئوغلى نۇمۇستىن ياكى ئاجىزلىقتىن بېشىنى ئەگمىسۇن.

مەن شۇنى خالايمەنكى كۆز يېشى كەبى ئاقسۇن بۇلاقلار پۈتۈن يەر يۈزىدە،ئەمما بۇلاق كەبى ئاقمىسۇن كۆز ياشلار،يەر-جاھاننىڭ ھىچبىر يېرىدە.

مەن شۇنى خالايمەنكى سۆيۈنۈش مول بولسۇن، بەخت مول بولسۇن،ئىككى يۇرت ئارىسىدىكى يول بولسۇن

## 8.دادا ئويغان !!



**ھەر سەھەر ئانامنىڭ ئۇھسىنىشلىرىدىن ئويغىنىمەن.ئانامنىڭ يۈزلىرى**

كۆلمەيتى،ھەر كېچە يىغلايتتى .

چاچلىرىمنى سىيلاپ،كۆزلىرىمگە تىكىلىپ :« شور پىشانىمەن بالام،بەختى قارىمەن بالام،تەلەيسىزمەن بالام » دەيتى،ئەمما،قانچە سورىساممۇ نىمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى دەپ بەرمەيتى .

بەزىدە:«سەن تېخى كىچىك قوزام،چوڭ بولغاندا چۈشىنىسەن »دەيتتى .

.دادامنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم،ئۇ ئاشخانىدا تاماكا چېكىۋاتقانىكەن .

ـ تېز چىقىپ كەت ! ئوغلۇم، تاماكا تۈتۈنى سېنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ،تېزھۇجراڭغا كىرىپ كەت،دېدى .

ـ ئەمسە سەن نېمىشقا چېكىسەن،ئۇ سېنىڭ سالامەتلىكىڭگىمۇ زىيانلىققۇ، ـ دېدىم .

دادام ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:« توغرا دەيسەن ئوغلۇم» دەپ كۈلۈمسىرىدى،ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى تولىمۇ ئاجىز ۋە يارىلانغان،ئاچچىق كۈلكە ئىدى .

ئەسلى دادام بۇنداق كۈلمەيتى،كۆزلىرىمگە بۇنداق ئەلەملىك قارىمايتى، «سەن چىقىپ كەت» دىمەيتى .

نىمە سەۋەپتىنكى تاڭ،كىينكى كۈنلەردە دادام ئېغىر يۈتىلىدىغان، ئانامۇ تولا يىغلايدىغان بوپ قالدى .

ھەر كۈن ئانامنىڭ ئاھ چېكىشلىرىدىن ئويغىنىپ كېتەتتىم ،نە كارتون فىلىم،نە باربى قونچاقلارنى سۆيمەيتىم،دادام كۈلمەيتى،ئانام توختىماي يىغلايتى .

بەش يېرىم ياشتا ئىدىم،كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتىۋاتاتتى.ھەممە ئادەم »: سەن تېخى كىچىك»دىگەنىسرى بۇ ئالتە يېشىم ھېچ كىلەي دىمەيتى .

ئەتىگەنلىرى بەك سەھەر تۇراتتۇق،ئانام مىنى قوشنىمىزغا تاپشۇرۇپ،دادام بىلەن

يانمۇ ـ يان مېڭىپ كوچىنىڭ ئاغزىدىن غايىب بولاتتى .

لېكىن ئانام ئىشلىمەيتى،دادامۇ بۇنچە سەھەردە نەگە،نېمە ئۈچۈن بارىدۇ؟ بۇنى ماڭا ھېچكىم دەپ بەرمەيتى .

دەرىزەنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم،قارىسى كۆرۈنگەن ھامان،خوشلۇقۇمدىن سەكرەپ كېتەتتىم،پۈتكۈل دۇنيا مېنىڭ بولغاندەك تۇيۇلاتتى .

ياز كەلدى .تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئىككى كۈنلا قالغان ئىدى.ھەممىسى :« قانداق سوۋغات ئالغۇڭ بار؟» دەپ سورايتى ، مەن جىم تۇرۇۋالاتتىم،ھېچنىمىنى خالىمايتتىم .

كېيىن،كېيىن،نېمە ئىش بولسا شۇ كېچىسى بولدى،ھەممە ئىش شۇ كېچە يۈز بەردى .

شۇ كېچە ئانامنىڭ ئۈھسىنىشلىرى،ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادقا ئايلاندى.مەن ھۇجرامدىن چىققىنىمدا تاشقىردىن ئاۋازلار چىقاتتى،ئۆيىمىزگە ئادەم لىق تولغانىدى.ھامامىلار يىغلاۋاتاتتى،مومام قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتاتتى،بوۋام قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى .

قوشنىلار مېنى تۇتىۋالدى،كۆزلىرىم تۇيۇقسىز دادامنى ئىزدىدى.ئەمما ئۆيدىكى ئادەمنىڭ جىقلىقىدا دادامنى ھىچ تاپالمىدىم .

دادا!دادو،دادا . . . دەپ ۋارقىرىدىم.ئانام يۈگرەپ كىلىپ ،مېنى باغرىغا باستى،يىغلاردىن بۇيان كۆرۈشمىگەندەك شۇنداق چىڭ قۇچاقلىدى .

ـ جان قوزام ،كۆز قارچۇقۇم،يۈرەك پارەم ، دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى .

ـ دادامغا نېمە بولدى،دادام قېنى؟ دەپ سورىدىم .

ئۇ يەنە جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا :

ـ شور پېشانىمەن ، بەختى قارىمەن ، دەپ يىغلىدى .

ـ ئانا ، مەن دادام دەۋاتىمەن ، دادام ، دادام . . .

شۇنداق دېگىنىمچە مەنمۇ يىغلاشقا باشلىدىم .

ـ داداڭ ئەمدى يوق ، داداڭ ئۆلدى ، داداڭ بىزنى تاشلاپ كەتتى ، ئەمدى قېقىلىپ يۆتەلمەيدۇ .

ـ ئانا ئۆلدى دېگەن نېمە گەپ ، ئۆلۈم دېگەن نېمە؟قانداق بولسا ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ . . .

مەن ساراڭلاردەك ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدىم ، خۇددى قىيامەتنىڭ بوسۇغىسىغا كەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم .

ئانام :« داداڭ ئەمدى كېچىلىرى راھەت ئۇخلايدۇ ، ئەمدى قىينالمايدۇ »دېدى ۋە ھۇشىدىن كەتتى .

مومام: «مەن ئۆلسەمچۇ ، بالام ، مەن ، ئورنىڭغا مەن ئۆلسەمچۇ ، دەپ» دادامنىڭ يوتقىنىغا ئېسىلىپ يىغلىدى .

ئۇلار مەجبۇرى ھالدا دادامنىڭ يۈزىنى كۆرسەتتى ، دادامنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ۋارقىرىدىم .

ـ دادا ئويغان ، نېمە بولىدۇ بىر ئويغان ، مەن سەنسىز قانداق ياشايمەن دادا ، ئويغان ، ماڭا كۈلۈمسىرەشنى خالىمساڭمۇ مەيلى كۆزۈڭنى ئاچقىن ، ئەمدى مەن كېچىلىرى كىمنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋالىمەن ، دادا ئويغان ، ئەتە تۇغۇلغان كۈنۈم ، ئەتە ئالتە ياشقا كىرىمەن دادا ، ھېچقانداق سوۋغاتنى خالىمايمەن دادا ، ساڭا ۋەدە بېرەي سېنى ئەمدى خاپا قىلمايمەن كۆزۈڭنى ئاچ ، بىر كۈن چىدا دادا ، ئويغان . . .

شۇنداق قىلىپ تۇغۇلغان كۈنۈمدە ، دادامنى يەرلىككە قويدۇق ، دادام تۇغۇلغان

كۈنۈمنى ئاشۇنداق تەبرىكلىدى . چاقمىقى بىلەن تاماكىسى تېخى

قولۇمدا تۇرۇپتۇ .

مېنى دادامدىن،دادامنى مەندىن ئايرىۋەتكەن،ھەر تۇغۇلغان كۈنۈمدە مېنى

ئازاپلايدىغان،بۇ كىچككىنە يۈرۈكۈمگە قىيامەت ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ چاقمىقى

بىلەن تامىكىسى ...

دادا! دادا !قېنى سەن دادا ؟

قېنى سىلەر دادىلار؟

ئويغېنىڭ دادىلار،ئويغېنىڭ دادىلار !!!

بۇ تاماكا تۈتۈنىدە يېتىم قالمىسۇن ،

باشقا شەھەرلەردە باشقا باللار .

# 9.كىچىك بىر يۈرەكتىن دادىغا مەكتۈب

يەنە سېنى سېغىندىم ،ئەقلىمنى يوقاتتىم دادا،سېغىنىشتىن ئىنسان ئەقلىنى

يوقىتامدىغاندۇ؟بۇنى ماڭا ئۆگەتمىگەنىدىڭ دادا .

بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم،سەككىز ياشقا كىردىم،چوڭ بولدۇم،يىگىت

بولدۇم،ئەمما تېخىچە بىلىپ بولالمىدىم دادا،سەن نەگە كەتتىڭ،نېمىشقا يوق

سەن؟

مەكتەپ فورمىسى ماڭا بەك ياراشتى دادا،سەن دائىم كۆرۈشنى خالايدىغان

ئوقۇغۇچى بولدۇم،ئەپسۇس سەن كۆرمىدىڭ دادا،كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى ...

قار ياغقان بىر كېچىسى ،سېنى بىر تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىشقانىدى،شۇنداقتىمۇ

يەنىلا بەك كىلىشكەن ئىدىڭ،قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن ئېدىڭ،قانچا قېتىملاپ

چاقىردىم،جاۋاب بەرمىدىك،شۇنىڭ بىلەن خاپا بوپ قالدىم.قېنى ماما ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ، تۈنجى قاردا قار ئېتىشىپ ئويناپدىغان بولغانتۇققۇ ...

ھاۋا شۇنچە سوغۇق ئىدى،لېكىن موماممۇ :«يۈرىكىم كۆيۈۋاتىدۇ» دەپ يىغلىدى .

ئىنسانىنىڭ يۈرىكى قانداق كۆيىدۇ دادا؟

ئادەم ئىنتايىن كۆپتى.ھەممە ئادەم يىغلايتى.ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن :« شېھىت ئۆلمەس،ۋەتەن بۆلۈنمەس» دېگەن گەپ چىقاتتى.دېمەك سەن

شېھىتكەنسەن،ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتتىڭ؟

يوغان بىر تۈرك بايرىقى يېپىلغانىدى تاۋۇتۇڭ ئۈستىگە.سەن ئۇنىڭ ساماداا لەپىلدىشىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدىڭ .

دادا سەن ئۆلدۈڭمۇ؟ ئۇنداقتا ۋەتەن بۆلۈندىمۇ؟

كاللام بەك قالايمىقانلىشىپ كەتتى،ھېچنىمنى چۈشىنەلمىدىم.ۋەتەننى كىم بۆلىدىكەن؟بوۋام ماما »: دادام،چاناق قەلئە ئۇرۇشىدا ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن شېھىت بولغان » دېگەنىدى،ئۇنداقتا ئۇلۇغ بوۋام بىكارغا ئۆلدىمۇ؟ نېمىشقا ۋەتەننى يەنە بۆلۈشكە ئۇرۇنىشىدۇ؟

قېنى ماما:« مەكتەپكە كىرسەڭ ھەممىنى چۈشىنىسەن» دېگەنتىڭغۇ.بۇلارنى ماما ئۆگەتمىدى،مەن ئۆگەنگەن ۋە چۈشەنگەن پەقەت بىرلا ئىش بار ،ئۇ بولسىمۇ سېنىڭ يوقلۇقۇڭ دادا .


ئانام سېنى بەك سېغىندى،«داداڭدىن پەخىرلىنىمەن » دېدى بۇنى مەن ھېس قىلالايمەن. لېكىن پەخىرلەنگەن ئادەم يەنە نېمىشقا يىغلايدۇ؟بۇنى چۈشەنمىدىم .

خوش ،پەخىرلىنىش دېگەن بۇ نەرسە سېنىڭ ئورنۇڭدا ئىنىمنى ھىدلاپ،سۆيەلەمدۇ؟مېنى مۇسابىقە كۆرگىلى ئېلىپ بارالامدۇ؟

بىلەمسەن دادا، مېنىڭ يۈرىكىم كۆيمەيدۇ، قوللىرىممۇ ئۇ قەدەر قىززىق
ئەمەس، ھەم تۈتۈنمۇ چىقمايدۇ. ئەمما ئىچىمدە بىر يەر بار، سېنى ھەر ئويلىغىنىمدا
بەك ئاغرىپ كېتىدۇ. خۇددى سۇغۇرلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك مۇجۇپ
ئاغرىيدۇ. بەلكىم سېنىڭ يوقلۇقۇڭدىن كىسەل بوپ قېلىشىم مۇمكىن دادا .

بۇ ئاغرىق قانداق قىلسام توختار دادا؟؟ قوللىرىڭ قوللىرىمنى قەيەردە
ساقلاۋاتىدۇ. يۈگۈرۈشمىز ئۈچۈن يوللار بىزنى قانداق سەۋر ئىچىدە
كۈتۈۋاتىدۇ؟
كەل، بۇلارنى ماڭا ئېيتىپ بەر، ماڭا ئۆگەت دادا !!!!

# 10.ئاناڭ بۇ رەسمنى چۈشەندۈرۈپ قويمايدۇ!!




«ئانا بۇ رەسمنى چۈشەندۈرۈپ قويغىنا»ناملىق يەرشارىدىكى ئاچارچىلىقتا قالغان بالىلار تەسۋىرلەنگەن رەسىمگە قاراپ بېقىڭلار.

ئاناڭ بۇ رەسمنى چۈشەندۈرۈپ قويالمايدۇ قوزام،چۈنكى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغاندا ئۆكسۈشتىن توختىيالمايدۇ كۆز ياشلىرى.

ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ قوزام،سەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئافرىقىلىق قېرىندىشىڭ.

كۈندۈزى ئاچ،كېچىسى ئۇيقۇسىز،بېقىمسىز ۋە كېسەل قېرىندىشىڭ.

ئۇنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلار كىم بىلىدۇ قايسى مېھمانسارايلاردا،قايسى زىياپەتلەردە؟...

قوزام ئۇ دەل بىز ئىنسان...

ئۇخلىغان،غەپلەت باسقان،ھەممىنى ئۇنۇتقان ئىنسان...

رەببىدىن يۈز ئۆرۈپ شەيتانغا قۇچاق ئاچقان ئىنسان...

شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ،رەببىگە،ئۆزىگە،دۇنياغا ھاقارەت قىلغان ئىنسان...

ئۆز بەختىنى كۆرگەندە ھەددىدىن ئېشىپ،بۇغرا تۆگىدەك يوغىناپ جاھانغا

پاتماي،ئازغان ئىنسان ...

ئۆزىگە زەررىچە يوقسۇزلۇق يەتسە پەرياد ئىچرە ھۆڭرىگەن ،قولىغا بىر نەرسە چۈشكەن

ھامان قالغانلارنى شۇنىڭ قىممىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان ئىنسان...

ئۆزىنى رىزقىنىڭ تۇپلىغۇچىسى ۋە يوقاتقۇچىسى دەپ بىلىپ،ئاللاھ بەرگەن رىزقتا

قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىپ « ئاچ قالغانلارنى بىز تويدۇرامدىكەنمىز؟» دېيىشكە جۈرئەت

قىلغان ئىنسان ...

ئۆزىنىڭ بىر تامچە سۇدىن تۆرەلگىنىنى ئۇنتۇپ ئىلاھلىق ۋە رەببىلىك تالاشقان

ئىنسان...

ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلمەسلىكنى ئويلىغان زالىم ۋە جاھىل ئىنسان...

ئاناڭ ساڭا بۇ رەسمنى چۈشەندۈرۈپ قويالمايدۇ قوزام،چۈشەندۈرۈشكە قوپسا كەلىمىلەر

بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالىدۇ.

ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ قوزام...

سەن تونۇمايدىغان ئافرىقىلىق قېرىندىشىڭ،ئۆيسىز،ئاياغسىز،ئويۇنچۇقسىز...

بىر بىلسەڭتىڭ،ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلار نېمىدىگەن نۇمۇسسىز،ھەم تاش

يۈرەك...

ئۇ دەل ئىنسان بالام...

قېرىندىشىڭنىڭ بۇيىنىغا ئۇرۇشتىن نۇمۇس قىلمىغان،قۇرۇپ كەتكۈر نانكور ئىنسان...

ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن مەھرۇم قالغىنىنى بىلگەن،ئاللاھنىڭ ئەمرىنى جايىدا بىجىرمىگەن بىچارە ئىنسان...

مال ـ مۈلۈكنى توپلىغانچە سۆيۈنۈپ،توپلىغانچە ساناپ،نىئمەتكە ئېرىشكىنىدە « ئاللاھ ماڭا سوۋغا قىلدى»دەپ،قولدىن كەتكەندە بولسا « ئاللاھ ماڭا ئىھانەت ئەتتى»دەپ داتلىغان ئىنسان...

ھايۋان كەبى يەپ ـ ئىچىپ ،قەلبىنى مۆھۈرلىۋەتكەن،ئەقلىنى يوقاتقان،كور،گاس،ۋە گاچا ئىنسان...

ئىنسان تۈزەلمىگۈچە قوزام،بۇ رەسىمدىكى ئەھۋالنى تۈزەلتمەك مۇمكىن ئەمەس.

پەقەت ئۇلا ئەمەس قوزام،ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭمۇ چۈشكۈن ھەم پەرىشاندۇر.ئاچ ھەم كىسەلدۇر.

ئەي قوزام!بۇ ئەھۋالنى سەن يوق قىلىپ سەن تۈزىتىشىڭ كېرەك.

# 11.ئانا دۇئاسى

ماڭا شۇنداق بىر پەرزەنت بەرگىنكى ئى ئاللاھ

ئاجىز بوپ قالسا، ئۆزىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلالىغۇدەك جەسۇر بولسۇن،مەغلۇبىيەت ئالدىدىمۇ تىك تۇرسۇن، غەلىبە قىلغاندا بولسا ئېغىر ـ بېسىق، ئۆزىنى تۇتىۋالىدىغان بولسۇن.

ماڭا شۇنداق بىر پەرزەنت بەرگىنكى ئى ئاللاھ

ان ئىشلار پەقەت ئارزۇ پەدىسىدە قىپ قالمۇسۇن،سېنى تونۇيدىغان بىر پەرزەنت بولسۇن ھەم ئۆزىنى تونۇشنىڭ ئەڭ ئاساسى قائىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسۇن.

ساڭا يالۋۇراي ئاللاھىم، ئۇنى ئاسان،ئوڭاي يوللاردا ئەمەس،كۈچلۈكلەر بىلەن رىقابەتلىشىش يوللىرىدا يۈرۈشكە نېسىپ قىلغىنىڭنى بورانلاردا تىك تۇرۇشنى،تىك تۇرالمىغانلارغا شەپقەت كۆرسىتىشنى بىلسۇن.

ماڭا شۇنداق بىر پەرزەنت بەرگىنكى ئىھ ئاللاھ

بى پاكىز،غايىلىرى مۇقەددەس.... شۇنداق بىر پەرزەنت بولسۇنكى باشقىلارغا باھا بېرىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە باھا بېرىشنى بىلىشى كېرەكلىكىنى بىلسۇن،شۇنداق بىر پەرزەنت بەرگىنكى،كەلگۈسىگە يۈزلەنسۇن،ئەمما ئۆتمۈشنى ئۇنۇتمىسۇن.

بۇلارنىڭ ھەممىنى ئۇنىڭغا بەرگەندىن كېيىن يەنە سەندىن ئۆتۈنىمەنكى ئى ئاللاھىم ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپلا تۇردىدىغان بىر چىھرىنى بەر،شۇنچە جىددى ئىش بولسىمۇ تەبەسسۇمى ئۆچمىسۇن.

ئەنە شۇندىلا ئى ئاللاھىم :" مەن ئانىسى مەنىسىز ياشىمىدىم دېيەلەيمەن".

# 12.ئۈمىدسىز مۇھەببەت

كاشكى تونۇشمىغان بولساق،بۇ ئۈمۈتسىز مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولساقچۇ؟!!؟

پۇشايمەن قىلمايمەن،ئەمما كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم،تولىمۇ پەرىشانمەن.

سىنى تۇنجى كۆرگەن شۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنۇتالمايمەن،شۇ مەنىلىك

كۆلۈمسىرىگەن شىرىن يۈزۈڭنى،ئىچىمنى ئاتەش كەبى ياققان شۇ
قاراشلىرىڭنى،تېخىچە يادىمدىن چىقىرالمىدىم.

دەسلەپكى كۈنلەردە ساڭا پەقەتلا قىزىقىپ قالدىم دەپ ئويلاپتىكەنمەن،ئەمما
مەن بۇ مۇھەببەتنىڭ پۈتۈن ھۇجۇدۇمغا ۋە تومۇرۇمدىكى قېنىمغا سىڭىپ
كىرىپ ساڭا ئەسىر قىپ قويىشىنى نىمە بىلەي.

بۇ ۋىسال پەيتلىرىنىڭ بىر كۈنلەردە ئاخىرلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاشتىنمۇ
قورقىمەن.

ئەسلىدە مۇھەببەتنى قويۇق ھىسياتنىڭ پەللىسىگە ئىلىپ چىقىش ئەڭ چوڭ
بەختتۇر،مەندىن رەنجىمىگىن ،بىز نىمىمۇ قىلالايتۇق.

ھەر ئىككىمىز بۇ ۋىسالنىڭ ئاخىرىدا ھىجرانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ
بۇ مۇھەببەتنىڭ قوينىدا ياشىدۇق.

مۇھەببىتىمىز مەنتىقە مەسلىسىگە تاقاشتى،بۇ گۈزەل تۇيغۇلارنىڭ گىردابىغا كەپ
قالدۇق.

كاشكى تونۇشمىساقچۇ،بۇ ئۈمىدسىز مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرمىسەكچۇ؟؟!
قۇياشنىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلىشىۋېتىپ بىزنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاخىرقى نۇختىغا
يىقىنلاپ قالغىنىمىزنى ئويلىغىنىمدا تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن،ئەسلى بۇ گۈزەل
دەقىقەرنىڭ غايىپ بوپ كېتىشىنى پەقەت خالىمايتىم،ئەمما توسالغۇلارنى
ئويلىغانچە قانلىرىم تارتىشىپ،نەپەس ئېلىشىممۇ تەسلىشىۋاتىدۇ،يۈرىكىم
توختاپ قالغاندەك ئاجىز تىترىگەندە ھەتتا ھاياتىنىڭمۇ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ
قالغىنىنى ھىس قىلدىم.

ئىككىمىز بەختىمىزنى تېخى يېڭىلا تېپىۋىدۇق،ئەمدى بولسا مەڭگۈگە
مەھرۇم قالدۇق.بۇ نىمىدىگەن زور ئازاب ،نىمىدىگەن ئېغىر دەرت ،ئۇف

ئاللاھىم!!!

ئەمما سەن بۇ مۇھەببەتنى ئەزەلدىن بوپ باقمىغانغا چىقىرۋېتەلىسەڭ، بەلكىم
يەنە قايتىدىن باشلىيالايسەن، بۇنىڭمۇ تەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما
مەنچۇ؟ ئىچىمدىكى توختىمايۋاتقان بورانىنىڭ قايناملىرىدا ياشاۋاتىمەن، "ئاھ
تەڭرىم بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ؟" دەپ زارلىنىۋاتىمەن.

ئويلاۋاتىمەنكى، بىزنىڭ بىرگە بولۇشىمىز، ئايرىلىشىمىزدىنمۇ قىيىن بىر مەسىلە
ئىكەن، تىخىمۇ مۇرەككەپ بىر تۈگۈن ئىكەن.

بىلىمەن سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تۇيغۇ ۋە ھسياتتاسەن. ئەمما ھېچ بولمىسا
مەنتىقىنى مۇھەببىتىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاخىرقى نۇختىغا يېقىنلىشىپ
قالغىنىمىزنى بىلگىچە بولسىمۇ بىز ياشىشىمىز كېرەك، بۇ چۈشتىن ئويغىنىشىمىز
كېرەك.

چۈنكى بىز مۇھەببەتتە تۇسالغۇغا ئۇچرىغۇچىلارمىز، ئاخىرغىچە بىرگە
بولالمايمىز، تەقدىرىمىز مۇشۇنداق پۈتۈلگەن بولسا كېرەك.

كاشكى تونۇشمىساقچۇ، بۇ ئۈمىدسىز مۇھەببەتنى باشتىن
كەچۈرمىسەكچۇ؟؟!

ئەلۋىدا سۆيگىنىم، ئەلۋىدا مۇھەببىتىم، ئەلۋىدا مەن ئېرىشەلمەيدىغان
بەختىم..... ئەلۋىدا!!!!

كۆمۈپ قويدۇم قەلبىمگە ئاستا،
شۇ ئۈمىدسىز مۇھەببىتىمنى.
ۋىدالىشاي، بەختىمنى ئىزدەپ،

سۇرتۇپ ئاشۇ كۆز ياشلىرىمنى.

سۆيۈپ قويغىن مەڭزىمگە ئاستا،

ئەسلىتىپ چىن قېرىنداشلارنى.

بولسۇن ئۆتمۈش تىلىكىم ئەمدى،

تاپقىن ئارزۇ قىلغان ھاياتنى.

قازا يېتىپ،يېپىلسا يوپۇق،

يۈرىكىڭدىن ئەسلىگىن مېنى.

سۆزلەپ يۈرمە كەتتى ھەممىسى.

ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى.

# 13.ئاكا!مەن كوچا بالىسى




بەت نومۇرى: يوق!

نوپۇس دەپتەر نۇمىرى:يوق!

ئىشلك نۇمىرى :يوق!

لەگلىكى ئاسمانغا ئېسغلىق قالغان،مەرمەرلىرىنى چۈشدە ئۇنتۇپ قالغان،ئويۇنچۇقلىرىنى چۆچەك قەھرىمانلىرى ئوغۇرلاپ كەتكەن بىر بالا بارغۇ ئاكا،ئۇ دەل مەن شۇ،مەن شۇ ئاكا!!!

لەگلىكى ئاسمانغا ئېسغلىق قالغان،مەرمەرلىرىنى چۈشدە ئۇنتۇپ قالغان،ئويۇنچۇقلىرىنى چۆچەك قەھرىمانلىرى ئوغۇرلاپ كەتكەن بىر بالا بارغۇ ئاكا،ئۇ دەل مەن شۇ،مەن شۇ ئاكا!!!

ھە راست،مېنىڭ بىر ئانام بولىشى كېرەك ئېدى،شۇنداقمۇ ئاكا؟ ئەمما،مەن كوچىلارنى كۆيلەپ يۈرۈۋاتىمەن.

ھە راست ئاكا،ئانا سۈتىنىڭ تەمى قانداقتى؟؟

ئانىلار بالىلىرىنى قانداق سىيلايتى؟

ئانا ھىدى قانداق ئىدى؟كىم بىلىدۇ؟

ماڭا سۇ بوياق رەسىملىرىدىكىدەك چىرايلىق بىر ئانا سىزىپ بەرگىنە ئاكا،ھەم شۇ رەسىمگە مېنىمۇ قوشۇپ سىزىپ قويغىن.

ھە راست،سېنىڭ كۆزلىرىڭ كۆرەلمەيدۇ شۇنداقمۇ ئاكا؟يەنى سوغۇق ۋە يىرىك كۆۋرۈكنى كۆرەلمەيسەن.سەن ئايىنى كۆۋرۈك ئاستىدا ئولتۇرۇپ تاماشىشا قىلىپ باقتىڭمۇ؟ئاقار يۇلتۇزغا قاراپ ئولتۇرۇپ مۇزلاپ باقتىڭمۇ؟

ۋاي بولدىلا،بۇلارنى سۆزلەپ نىمە قىلاي.

كەل ،خالىساڭ ئايىغىڭنى مايلاپ قوياي،مەن شۇ ئايىغىڭنىڭ شوينىسىدىن ھاياتقا

ئېسىلىۋالاي!

كەل،ئايغىڭنى مايلاپ قويياي،شۇنداق بىر مايلىۋېتەيكى،ئۇنىڭدا دوست ـ

دۈشمەننىڭ،بارلىق يوللارنىڭ رەسىمى كۆرۈنسۇن!

بەت نومۇرى: يوق!

نوپۇس دەپتەر نومۇرى:يوق!

ئىشىك نومۇرى :يوق!

بارلىق مەھرۇملۇقلارغا،يوقلۇقلارغا،توغۇلۇپلا باغلىنىپ باقتىڭمۇ؟

مېنىڭ يەنە دادامۇ بولىشى كېرەك ئىدى شۇنداقمۇ؟

مېنىڭ ھەتتا پات ـ پات ئۇرۇپ تۇرىدىغان دادامۇ يوق،يەنى قاداق باسقان قوللىرىدىن

مەن شەۋكەت ئىزدەيدىغان بىر دادا!

كىم بىلىدۇ؟ھېيت ـ بايراملاردا دادىلار باللىرىغا نىمىلەرنى ئىلىپ بېرىدۇ؟

مېنىڭ يادىمدا قالماپتۇ،سىلەرنىڭ شۇنداق ھېيت ـ بايراملىرىڭلار،ھارپىلىرىڭلارھەم

پاكىز ـ ساپ دوستلىرىڭلار بار شۇنداقمۇ؟

ئەمما مەن بولسام ئاجىز ۋە زەئىپ ئىسقىرتىشلىرىمنى ئاي ۋە قۇياشقا يوللاۋاتىمەن.

ئەكس ـ سادासىز،ئاھاڭسىز،ئاھاڭغا سالغىلىمۇ بولمايدىغان ئاشۇ ئىسقىرتىشلىرىمنى .

بىر دادام بولسىلا كۇپايە ئىدى،بۇرۇنقىدەك كەپسىزلىك قىلاتتىم،ئۇنىڭغا ئەركىلەيتىم .

بولدى بەس! سۆزلىمەيلا قويياي !

كىمنىڭ نېمىسگە بايرام،نېمىسگە سوۋغات،نېمىسگە دادا؟!؟!؟؟!؟!

ھە راست،سېنىڭ چۈشلىرىڭ بار،ئەمما مەن كۆرەلمىگەن چۈشۈمنىڭ خىيالىنى

سۈرىمەن .

ئەخمەت بىر چۈش كۆرۈپتۇ ،ھە راست،ئۇنىڭ بىلەن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن بىر كۈنى

كۆۋرۈك ئاستىدا تونۇشقان ئىدۇق .چۈشنى خىجىل بولۇپ سۆزلەپ بەردى،سۆزلىگەنسىرى خىجىل بولدى.

ئاسمانغا بىر ئارغامچا تارتىپتۇمىش:« قارىغىنا ئانا! لەگلىكىمنى كۆردۈڭمۇ؟ لەگلىكىمنىڭ سايىسى ئاستىدا مەرمەر ئۆيناۋاتقان باللارنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ ۋارقىراپتۇمىش.

مانا بۇ ئەخمەتنىڭ چۈشى!

ماڭا چۈشلىرىڭنى بىرىپ تۇرامسەن ئاكا؟!؟ ئايىغىڭنى ھەقسىز مايلاپ قويىمەن.پەقەت شۇ چۈشلىرىڭنى بىرىپ تۇرساڭ.

ۋاي بولدىلا!سۆزلىمەي!

قارىغىنا!ئايىغىڭ پارقىراپ كەتتى،ئەڭ پارقىراق ئاياغلىرىڭ بىلەن ماڭغىن بۇ ھاياتتا.

سەن مىنى ئويلىما ئاكا،مىنى كوچىلار ئويلىسۇن،گىزىت ماۋزۇلىرى،3 ـ بەتتىكى خەۋەر سەھىپىسى ئويلىسۇن.

مىنى ئىگىسى چىقمىغان كۆز ياشلار ئويلىسۇن،سەن ئويلىما!!!

نىملا بولسا مەن،ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان شۇ ئاياغلىرىمنىڭ ئىسسىقى بىلەن باساي شۇ بارلىق يوللىرىمنى.

گەرچە كوچىلارنىڭ ئانا ـ دادىسى بولمىسىمۇ،ئەمما مەن شۇ كوچىلارنىڭ بالىسىمەن،ئىرىشەلمەي تۇرۇپ مەھرۇم قالغان شۇ كىلەچىكىمنىڭ ھەر قانداق يىرىدە مەن بىر كوچا بالىسى ئەي ئاكا!!

# 14.ئۇنۇتتۇق

ئۇنۇتتۇق ....ئۇنۇتتۇق
نىمىدىگەن تىز ئۇنۇتتۇق،نىمىدىگەن كۆپ ئۇنۇتتۇق....دۇنيا
بىزگە مىراس ئەمەس ئىدى.يەر يۈزىدە بىز ھىچنەرسىگە قارار
قىلالمايتۇق.كەلدۇق يەنە بىر كۈنى كىتەتتۇق، شۇنداق
ئەمەسمۇ؟ئەمدى ئېسىمىزگە كەلگىنى بۇلار،ھەم ئەمدى ئۇنتۇپ
كىتىشكە بولمايدىغىنى بۇلار.
نىمىدىگەن كۆپ ئۇنۇتتۇق،نىمىدىگەن تىز ئۇنۇتتۇق، بىزدىن
بۇرۇن كەلگەنلەرنى ۋە بىزدىن بۇرۇن كەتكەنلەرنى،گۈزەل ئاتالارغا
مىنىپ،ئۆلمىنى گۈزەل ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن
تىرىشقانلارنى،ئۆلۈمنى توي كىچىسى كۈتىۋالغانلارنى.......
كۆكلەردىن خەۋەرسىز ھالدا ئۇخلىدۇق .
ساماغا كۆز تىكىشنى ئۇنۇتتۇق، ئاياغلىرىمىزنى يەرگە چىڭ
دەسسەپ تۇرىۋالدۇق، قولىمىزدىكى نەرسىلەرگە ساھىپ ( ئىگە)
تاپتۇق ، ئەملىيەتتە قولىمىزنىمۇ ئۆز قولىمىزدا تۇتۇپ
تۇرالمايتۇققۇ؟؟؟؟ بۇنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمدى،كۆپ
ئويلايدىغان ۋە تىزرەك ئويلايدىغان....
ئۇنۇتتۇق،دۇنيا بىر كۆلەڭگە ئىدى،ئۆزىمىزنىڭ يولۇچى
ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ دۇنيانىڭ بىزگە پەقەت ئۆتەڭ ئىكەنلىكىنى
ئۇنۇتتۇق. يۈكىمىزنى يىنىكلەشتۈرۈشنى
بىلمىدۇق،توپلىدۇق،كۆپەيتتۇق،ساندۇق،يەنە نىمە قالدى؟؟؟
ئەمدى ئويلىدۇق،دەسمايىمىز يوقلۇق،تاپقان بايلىقىمىز
ئاجىزلىق.بۇنى ئەمدى ھىسابلىدۇق.

ئۇنۇتتۇق،يۈزىمىزدە راھماننىڭ نەقشلىرى بار ئىدى،كۆزىمىزدە
راھماننىڭ بېقشلىرى بار ئىدى،ئەمدىلىكتە يۈزىمىز يەردە
قالدى،كۆزىمىز ياشتا قالدى.كۆڭلىمىز تەڭقىسلىقتا قالدى،ئەسكە
ئالدۇق ۋە ئويلىدۇقكى _ بۇ دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار
ئىدى،كىلىڭلار بۇ يەردە قالمايلى!!!
يىزلىرىمىزنى راھماننىڭ چىھرىسگە قارىتايلى،كۆزىمىزنى ئۇنىڭ
كۆزلىرىگە تىكەيلى،كۆڭلىمىزگە ھەممە ئىشلىرى گۈزەل بولغان
مەۋلانىمىزنىڭ (<رەسۇلۇللاھ > ئۇنىڭغا سالاملار بولسۇن)
تەسەللىلىرىنى يەرلەشتۈرەيلى!!
ئەسلەيلى ،ئەسلەيلى كى، باشقىلار بىزنى تونىمايتى،ھەتتا
ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونىمايتۇق،ئەمدىلىكتە چوڭقۇر بىر
ئۇنۇتۇشتىن،ئۇنۇتقاقلىقتىن تونىلىۋاتىمىز.ئۆزىمىزنىڭ
ئۇنۇتقاقلىقنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىمىزنى،مەۋجۇتلۇقنى تەرك ئىتىپ
ئۇچۇپ كەتكەن قۇش ئىكەنلىكىمىزنى،ئەسلىدە قانات ساھىپلىرى
ئىكەنلىكىمىزنى،داۋا ـ دەستۇردىن قۇتۇلالمايۋاتقانلاردىن ئەسلىدە
تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىمىزنى،كىلىپ ،كىتىشنىڭ،ئۇنىڭدىن
كىلىپ،يەنە ئۇنىڭ يىنىغا كىتىشنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىش
ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇق .
خوش، ئۇنداقتا چوڭقۇر ھاڭدىن روھىمىزنى تارتىۋالايلى! ئۇ
چاغدا روھىمىز گۈزەل بىر گۈلشەنگە قايتىدۇ.
شۇنى بىلىمىزكى خارلانغانلارنىڭ كۆڭلى يىرىم بولمايدۇ،دىلى
ئەسلا سۇنمايدۇ،ئۇلارغا ھەسرەت ۋە قورقۇنچ ئەسلا ياراشمايدۇ!!

# 15. تىلەمچى قىز

بىر كۈنى كىچىك بىر قىز كوچىنىڭ بىربۇلۇڭىدا
ئولتۇراتتى،يىمەك ـ ئىچمەك،كىيىم ـ كىچەك ھەممە نەرسە ئۈچۈن تىلەمچىلىك
قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.
ئۈچىسىدا يىرتىق،كونا كۆينەك بار ئىدى،يۈز ـ ۋە كۆزلىرى شۇنچە پەرىشان
ئىدى.
شۇ ئەسنادا يول تەرەپتىن ياش ۋە تىتىك بىر ئەر كەلدى،قىزنى كۆردىيۇ ئەمما
كۆرمەسكە سېلىپ يوغان ـ يوغان چامداپ مېڭىپ كەتتى. چوڭ ھەم
ھەشەمەتلىك ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى،ئۆيدە ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسى ئېسىل
داستىخان راستلاپ كۈتۈپ تۇرىشۋاتاتتى.
تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خىيالىغا تىلەمچى قىز كىلىۋالدى،ئىچ ـ ئىچىدىن بىئارام
بولدى،بىر نەرسە ئۇنى ئەيىپلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەينىگە ياندى.ئەمما ئىچىدە
شۇنداق دەپ غودورىدى :" ئاللاھىم مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە نىمىشقا
يول قويىسەن،ئۇ قىزغا ياردەم قىلىپ بىر ئىشلارنى قىلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟"
شۇ ھامان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن شۇنداق بىر سادانى ئاڭلىدى:
" مەن قىلدىم، يەنى سىنى ياراتتىم !".

## 16.نان

ئۇزۇن يىل بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن ياشانغان بىر جۈپ توي قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشتى ،بىر كۈنى ناشتىدا ئايال ئۆز- ئۆزىگە:

"ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېرىمگە ياخشى مۇئامىلە قىلدىم ،ناننىڭ يۇمشاق چۆرىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ كەلدىم،بۈگۈن بولسىمۇ بۇنى ئۆزۈم يەي"دەپ يولدىشىغا ناننىڭ ئوتتۇرىسىنى بېرىپتۇيۇ ئىچىدە شۇنداق قورقۇپتۇ.

ئېرى ئۇنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ئايالىنىڭ قولىغا سۆيۈپ شۇنداق دەپتۇكى :

- سۆيۈملۈكۈم بۈگۈن مېنى ئەڭ خوشال قىلدىڭ،50 يىلدىن بۇيان ناننىڭ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوتتۇرىسىنى يېيەلمەي كەلگەن ئىدىم،چۈنكى سەن دائىم ئوتتۇرىسىنى يېيىشنى ياخشى كۆرگەچكە ئامالسىز ساڭا ئۆتۈنۈپ كەلگەنىدىم

## 17.كۆرۈشنى بىلگەن كۆز



كىچىك قىز،ئۆزىنى بىلگەندىن تارتىپ ئانىسىنىڭ چەكسىز مېھەببىتى ۋە ماختاشلىرى ئىچىدە چوڭ بولدى.ئۆزىنىڭ «قار مەلىكە»دىنمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.ئانىسىنىڭ كۆڭلىدە ئۇ نۇر يۈزلۈك،چىرايلىق كۆزلۈك ،يالغۇز ئوماق قوزىسى ئىدى.ئەمما قىز باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندە ھەممە ئىش ئۆزگەردى.دوستلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق ئەمەس ئەكسىچە ئىنتايىن سەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەشتى.قىز دەسلەپ ئۇلارغا ئىشەنمىدى،چۈنكى ھەممە ئادەم بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدۇ،قىزغىنىدۇ دەپ ئويلىدى.ئەمما بىر قانچە يىلدىن كېيىن قىز ئەمەلىيەت بىلەن يۈزلەشتى،ئانىسىنىڭ قارىغا ئوخشاتقان يۈزلىرى چىچەك كېسىلىدىن قالغان چوقۇر ئىزلارغا تولغان،چىرايلىق دىگەن كۆزلىرى بولسا ئالىغاي ئىدى.دىمەك ئانىسى ئۇنى يىللاردىن بۇيان ئالدىغانىدى.ياش قىزنىڭ قەلبىدىكى ئانىسىغا بولغان سۆيگۈ بىردەمدىلا نەپرەتكە ئايلاندى.تويى قىلىش يېشىغا يەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا نەزەر تاشلايدىغان ئادەم چىقمىدى،كۆزلىرىنى شۇنچە داۋالاتقان بولسىمۇ ئوڭشالمىدى.قىز دوختۇرلارنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن ئۆزىنىڭ كور بوپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋەئۆزىنى تىبخىچە كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش پەپىلەپ ،ماختاپ بىقىۋاتقان ئانىسىنىڭ ئۆزىدىن بۇنى يوشۇرغىنىغا چىدىماي ئۆيىنى تا شلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

ئانىسى:« يىراق بىر يەردە ئىش تاپتىم» دەپ ئۇنى ئالداپ قويۇپ،قىزدىن بۇرۇن ئۆيدىن ئايرىلدى،ۋە بارلىق پۇللىرىنى تۇغقىنىغا قىزىغا قاراپ قويۇشنى ھاۋالە قىلىپ ئەۋەتىپ بەردى .

ياش قىز بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆرمەس بولدى،قاراڭغۇ دۇنياسىدا ئۆزى
ياپيالغۇز قالدى.بۇ مەزگىلدە ئانىسىنى خىيالىغا ئەكىلىپمۇ قويمىدى.ئۇنىڭ
نەزىرىدە ئانىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ھەق ئىدى .

بىر كۈنى دوختۇرلار ماس كېلىدىغان بىر جۈپ كۆز تاپقانلىقىنى ئېيتىپ قىزنى
ئوپېراتسىيە قىلدى.قىز كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا بۇرۇنقى شۇ ئەپتىنى كۆرۈپ
قېلىشتىن قورقۇپتى. شۇنداقتىمۇ كورلۇقتىن قۇتۇلۇش ياخشى ئىدى،ھېچبولمىسا
باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالمايتتى .قىز ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئەينەككە
قارىغىنىدا ھەيرانلىقتىن ھوشىنى يوقاتقىلى تاس قالدى.كۆز ئالدىدا دۇنيالار
گۈزەل تۇراتتى.كۆرگىنى ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق قىز ئىدى .يۈزىدىكى
چوقۇرلار يوق بولغانىدى،بۇرۇنلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن چىرايلىق تۇراتتى.قىز
يېنىدىكى دوختۇرغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە قاراپ :« يېڭىدىن دۇنياغا كەپ
قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن ئۆزۈمنى،يۈزۈمدە ھېچقانداق نۇقسان
يوق،ھۆسنۈن گۈزەللەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىمۇ قىلىپسىز ـ دە،رەھمەت سىزگە
» دېدى .

دوختۇر:«بىز ئۇنداق ئوپېراتسىيەنى قىلمىدۇق قىزىم،پەقەت ساڭا ئاناڭنىڭ
بېغىشلىغان كۆزلىرىنى سالدۇق،سەن ئۇنىڭ
كۆزىدىن كۆردۈڭ ئۆزۈڭنى» دەپ كۈلۈمسىرىدى.

# 18.مۇھەببەت دۇئاسى



ئەي رەببىم!بىر ئىنسان قوي قەلبىمگە،ئەمما ئۇ ئىنسان سىنىڭمۇ سۆيگۈنىڭ بولسۇن!

ۋە ماڭا شۇنداق بىر ئىنساننى سۆيدۈركى،ئۇ ئىنساننىڭ قەلبى سەن بىلەن سۆيۈشكەن بولسۇن .

مېنى شۇنداق بىر ئىنسان بىلەن تېپىشتۇركى،مەندىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن تېپىشقان پەقەت سەن بولغىن.

ئۇنىڭ بىلەن قول تۇتۇشقىنىمىزدا ئۇستىمىزدە سىنىڭ قولۇڭ بولسۇن!

ماڭا شۇنداق بىر كۆزلەرنى كۆرسەتكىنكى ،مەن ئۇ كۆزلەردىن ساڭا قاراي.

ماڭا شۇنداق بىر سۆيۈملۈكنى بەرگىنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى جەننەتكە ئېچىلغان دەرىزە بولسۇن!

ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق بىر يولدا ماڭايكى،يول باشلىغۇچىمىز پەقەت سەن بولغىن ئەي رەببىم!

ماڭا شۇنداق بىر سۆيۈملۈكنى بەرگىنكى ئۇنى قۇچاقلىغىنىمدا پۈتكۈل كائىنات بىزگە باقسۇن،بىربىرىگە گىرە سالسۇن!

سۆيگۈمىز بۆرە بىلەن قوزىچاقنى ياراشتۇرسۇن،بىزگە قاراپ شەيتان ئادەمگە سەجدە قىلسۇن!

گۇناھلار ساۋاپ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلسۇن!

ئۆلۈكلەر بىردىن بىردىن ئويغانسۇن سۆيگۈمىزدىن.

بىزگە شۇنداق بىر سۆيۈملۈكنى بەرگىنكى ئەي رەببىم!

سۆيگۈمىزدە پەيغەمبىرىمىز )ئۇنىڭغا سالاملار بولسۇن ( سۆيۈلسۇن !

شۇنداق سۆيەيلىكى بىر بىرىمىزنى، ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز سامادىن بىزگە قاراپ :" قارىغىنە ، ئەي مۇھەممەت ) ئۇنىڭغا سالاملار بولسۇن)

شۇ ئاشقلارغا،ئۇلار بىز بىلەن بىللەدۇر،بىز ئۇلار بىلەن.

قارا،مۇھەببىتىمىز يەر يۈزىدە يەنە بىر قېتىم تەكرار ياشاۋاتىدۇ ،ئاللاھ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزدىن شۇنداق رازىكى ،بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈۋاتىدۇ.

ئامىين!!

بۈگۈن باللار بايرىمى ئۇخشىمامدۇ؟ھى ھى ھى
دەرسكە كىچىكىپ قىلىپ پالاقشىپ يۈگرەپ كىتىۋاتقان چاغلىرىمدا تىلىفۇنۇمغا قىسقا ئۇچۇرلار كىلىپ ھۈيت ـ ھۈيت دەپ كەتسىمۇ كارىم بولماپتۇ،دەرستىن چۈشۈپ قارىسام بىر مۇنچە دوستلىرىم بايرىممىنى تەبرىكلەپتۇ،ھى ھى ھى گەرچە 20 گە كىرىپ قالغان قىرى بولسامۇ ھە دەپ خوش بولۇپ قويدۇم .
ئەمدى شۇ ئادەم قىرىپ قالغاندا ئۆزىنى كىچىك باللار بىلەن سېلىشتۇرغىسى كەپ قالىدىكەن توغرا چۈشىنەرسىلەر،شۇڭا مەنمۇ بۇ مۇنبەردىكىلەرنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەپ قوياي دەپ كەلدىم،مەن بالا ئەمەس دەپ چىچاڭشىپ كەتمەڭلار ھە،ئەگەر شۇنداقلار بولسا ساپما كەشكىزنى كىيىپلا بۇ تېمامنى ئوقۇمايلا چىقىپ كىتىڭ،ھەرگىز خاپا بولمايمەن.
ھەش پەش دىگۈچە ئاي ـ يىللار ئۆتۈپ كىتىپتۇ،تىخى نەچچە يىل بۇرۇنلا،ئاتا ـ ئانامنى قاقشىتىپ :" بايراملىق كىيىم ئەپ بەرمەمسەن؟" دەپ يىغلىغانتىم،مەكتەپتىن قويۇپ بەرمىسە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قېچىپ كىتىپ دوستلىرىم بىلەن باغچىغا باراتتىم، بىر قېتىم بارغىنىمىزدا ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى بىر ئۆچكە چىقىپ كەتكەنىكەن،ئۇنى كۆرۈپ :" ۋاي جىن كىلىۋاتىدۇ ھىچقايسىڭلار كىرمەڭلار!" دەپ ئىشىك تۈۋىدە كىشلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ پىداكار لىي فىڭ بولغانىدىم.
يەنە بىر يىلى ئىلەڭگۈچكە چىقىۋىلىپ :" دوستلىرىمنى كۈچەپ ئىتتەر،كۈچەپ ئىتتەر ،ئىگىزرەك ئۇچۇر دەپ" قويۇپ ئارقىسىدىن قولۇم ئاراغامچىدىن چىقىپ كىتىپ ئىتلغان بومبىدەك سۇۋۇۋۇۋۇدە ئۇچۇپ بېرىپ بىر ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە ماخچىيىپ چۈشكەنىدىم.
ھەي دەپ كەلسەم باللىقتىكى بۇنداق كەپسىزلىكلىرىمنى ساناپ

تۈگىتەلمەيمەن، يىللار ئاۋال "ئىشەك ھارۋىسىغا چىقارمىساڭ بارمايمەن " دەپ

ھىچيەرگە بارغىلى ئۇنىمايتىم،مانا ھازىر شەھەر كوچىلىرىدىكى ئاندا ـ مۇندا

پەيدا بوپ قالىدىغان دىھقانلارنىڭ كۆكتات ساتىدىغان ھارۋىلىرىنى

كۆرسەممۇخۇددى ئۇلار ھازىرلا تىزەكلەپ قويىدىغاندەك بىلىنىپ بۇرنۇمنى

تۇتۇپ نەچچە مېتىر نېرىغا قېچىپ كىتىمەن.

بۈگۈن ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قالدىم،زادى چوڭ بولغان ياخشىمۇ،چوڭ بولماي بالا

پەدىسىدە يۈرگەن ياخشىمۇ؟

دەل شۇ پەيىتتە مېنىڭ ئەڭ خوشۇم يوق ئوقۇتقۇچىم ئىسمىمنى چاقىردى ...海

同学!!

ھىم! بۇ خوتۇننىڭ ياماللىقىنى خىيالمۇ سۈرگىلى قويمىغان ئادەمنى، دەپ

غوتۇلداپ ئورنىمدىن تۇردۇم، مەندىن بىر سۇئال سورىدى،ئالدى كەينىمدىكى

تىلىفۇنلارنىڭ ياردىمىدە ئەخە ـ ئۇخۇ،ئىما ـ ئىشارەت بىلەن ئاران جاۋاپ بىرىپ

ئولتۇرۇۋالدىم.

ئولتۇرۇپ بوپلا بايىقى سۇئالىمنىڭ جاۋابىنى تاپتىم : يەنىلا چوڭ بولمىسا

ياخشىكەن !!!

قاراڭلار ئۇۋۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان بوۋاقتا يىتىشىنىڭ ئاقسالىقىنى

گۆيىنىڭ!

تىخى ئاۋۇ شۇمتەكچۇ،ئۇچ چاقلىق ۋىلسىپىتىنىڭ ئۇستىدە دوتەيىدەك

ئولتۇرغان،دادىسى بىچارە كەينىدىن ئىتتىرۋاتقان،ما بىزدەك يوغىناپ كەتسە

مانا،ئىمتىھان،ئوقۇش،ئۇچى ـ بۇچى،پەش ـ چىكىت دەپ غەم قىلىپ قىرىپ

كىتىۋاتقان.

مۇشۇ كۈنلەردە باشقىلار مەن 10 يىل بۇرۇن قىرىپ كىتىدىغان بولدۇم

دېسە،مەن كىلىپ :" سەنغۇ 10 يىل بۇرۇن قېرىپ كەتكەندەك بوپسەن،مەنچۇ مەن؟ مەن قېرىپ 10 يىللا ئۆمرۈم قالغاندەك ھىس قىلدىغان بوپ قالدىم" دەپ قويىمەن.ھا ھا ھا
كىچىك ۋاقتىمدا نىمىشقىمۇ كىچىك بالا ئەمەسمەن،ئەمدى بۇلماق يېمەيمەن دەپ ناخشا ئېيتقان بولغىيتىم،ھۇ ھۇ ئەمدى ھەرگىز ئېيتمايمەن،ئېيتىش توغرا كەلسە :"كىچىك بالا بولغۇم بار" دەپ ئېيتىمەن تازا!!!
ۋاي بولدىلا ئەسلى مۇنداقلا تەبرىكلەپ قويماقچىتىم بەكمۇ جىق ۋاتىلداپ كەتتىم،بولدى ئەمدى خوش!
ھەر قايىسىڭلارغا ئوماقلارنىڭ تاتلىق ئاۋازىدا ئوقۇغان بۇ شېئىرنى ئالغاچ كەلدىم،ياقتۇرغايسىلەر!

مانا كەلدىم قېنى ،سېغىندىم دىگەنتىڭغۇ

چىدىيالمىدىم،كەلدى

خىياللىرىمنى گۈزەل قىلغان

سۆيگۈسىنى يۈرىكىگە قازغان

سۆيۈملۈكنىڭ يېنىغا كەلدىم

سىنىڭ يېنىڭغا كەلدىم زۇ زۇ

سىنىڭ يېنىڭغا كەلدىم زۇ زۇ

ھىدىڭنى،قولۇمنى سىقىشلىرىڭنى كۆزلىرىڭدىكى سەۋدا ياللۇنلىرىنى

سېغىندىم زۇزۇ

مۇھەببىتىم زۇزۇم، مىنىڭ بىر دانەم،بىر بىر بىر دانەم

سىنىڭ يېنىڭغا كەلدىم

ھەسرىتىدىن بىلەن كۆيۈۋاتقان يارغا

# خىياللىرىمدىكى

ھەم چۈشلىرىمدە كۆرۈۋاتقان مەلىكەمنىڭ يېنىغا كەلدىم

? مانا كەلدىم،سەن بىلەن بىرگەمەن،بولدىمدۇ؟

? ئەمدى بولدىمۇ؟ ? كەلدىم مانا،بولدىمدۇ زۇزۇ

? ئەمما مەن سىېنىڭكى ،بولدىمدۇ؟

. ياخشى، بىر دانەم

ھا ھا ھا ھا . ۋاي ۋاي! بە بەختلىكمەن ھا ھا ھا ھا

ئەمما مەن سىېنى بەك سېغىندىم زۇ زۇ

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيال

بۇ يەردە يوق سەن پەقەت خىيال سۈرگەنتىم

تۇيۇقسىز،سىنى مۇشۇ يەردە باردەك ھىس قىپ قالدىم

يەنە يوق سەن،يەنە ئۇ يەردە سەن

بەك يىراقلاردا

ئىستانبۇلدا

ئىستانبۇل كۈتىۋاتىدۇ

ئۇنىڭسىز ياشيالمايمەن دەۋاتىدۇ ۋايجان،بەك يېقىمسىزتى مىېنىڭ

ئاۋازىم ? ئەمما،نىمە ھىلىقى مەن ئەڭ ياخشى كۆردىغان بىر ناخشا

بارغۇ

. قېنى،ئىسىڭگە كەلدىمۇ مەن ئۇ ناخشىغا رەسمى ئاشىقمەن

بولدى،بەك جىق گەپ قىلىپ كەتتىم

. چۈشەندىم،بەك جىق گەپ قىلىپ كەتتىم .ئەمدى جىم تۇرىمەن

# 20.سۈكۈت قىلدىم...




**سۈكۈت قىلدىم ھچكىم ،تۇيمىدى.ئۆزۈم بىلەن مۇڭدىشىۋاتىمەن**
**ئەمدى يالغۇز،پەقەت يۈرىكىم بىلەن ئىپادىلەۋاتىمەن**
**ئاۋازىمنى.ھچكىم تۇيمايدۇ.**
**سۈكۈت قىلدىم،سۈكۈت قىلدى لەۋلىرىمدىكى كۈي،كۆزۈمدىكى**
**شېئىر،يارامنى سىيپاپ ئۆتكەن شامال،پەقەت كۆزلىرىم سۆزلەيدۇ.**

**بىر ئاھ چېكىش بىلەن تەڭ جىمىدىم، سۈكۈت قىلدىم،قانچىلىك جىم**
**تۇرالىسام،سۈكۈت قىلالىسام شۇنچىلىق قىلىمە**
**ن.سۈكۈت قىلدى مەن بىلەن دېڭىز،سۈكۈت قىلدى تاغ.**
**ئۈمىدلىرىمنى شاماللارغا يۆگەپ تەلپۈنىمەن ھەر كېچە.ھېچكىم**
**كۆرمىدى.**

چېچى ئاقارغان خىياللار،نەملەنگەن كىرپىكلەر،كۆكتە چاقماق بولۇپ چاقمەن،ھېچكىم كۆرمىدى.
سۈكۈت قىلدىم، يارىلىرىمغا تۇزبېسىپ، ،سۈكۈت قىلدىم،ئىچىمدىكى ۋولقانلارنى دەرۋىش كەبى تەنھالىقنىڭ تېمىغا ئۇرۇپ.
كوچىلارغا گۈل تۆكتۈم،ھېچكىم كۆرمىدى،ئۆزۈم يالغۇز كىچىمەن شۇ كۆڭۈل ئۆلككەمنى،ھېچكىم بىلمىدى.
سۈكۈت قىلدىم،جىمىدى مەن بىلەن تاغ،جىمىدى ئاسمان،جىمىدى يەر،ئازابلار سۆزلەيدۇ ئەمدى يالغۇز.ھېچكىم كۆرمىدىھەم كۆرەلمەيدۇ.

سۈكۈت قىلدىم،جىمىدى مەن بىلەن سەۋىر ـ تاقەت،جىمىدى ھەسرەت،تۇردى ۋاقىت،ت پەقەت كۆزۈم بىلەنمۇئامىلە قىلىمەن دۇنياغا.
ھېچكىم ھېس قىلمىدى.
سۈكۈت قىلدىم،ئىچىمدىكى دولقانلار يانار تاغ كەبى ۋولقانلىغانچە جىمدىم.سۈكۈت قىلدىم،جىمىدى لەۋلىرىم،جىمىدى كۆز ياشلىرىم.
جىمىدى،كۆزۈمدىكى شېئىر،كۆڭلۈمدىكى دەريا.
بۇلۇتلار چاقىردى ئىسيانىمنى،چاقماق چاقىردى،پەقەت مەنلا ئاڭلىدىم بۇنى،پەقەت مەن،ئەمما سۈكۈت قىلىۋالدىم.
ئەي !! مەن بۆشۈكىنى تەۋرەتكەن ھايات ،باغرىمدا چوڭ قىلغان مۇھەببەت!!ئاڭلا!

،يارامغا مەلھەم كار قىلمايدۇ،كېچىلەرئاھ چېكىشسىز ئۆتمەيدۇ.مەن
سۈكۈت قىلدىم،يالغۇز ئازابلىرىم سۆزلەيدۇ.
مەن سۈكۈت قىلدىم،يۈرىكىمنى يىغلاتقان ئازابلار سۈكۈت
قىلمىدى،دەرىزەمگە ئۇرۇلغان يامغۇر تامچىسسۈكۈت
قىلمىدى.سىرتتا ھۇۋۇلىغان شامال سۈكۈت قىلمىدى.
باھار كەلمىدى،قۇشلار سۆيۈنمىدى،پەقەتلا قىش ھۆكۈم
سۈرىۋاتىدۇ.يۇلتۇزلار قېيىدىدى،ئاي يىغلىدى،قۇياش
چىقمىدى،ئازاب تۈگىمىدى.
ئىچ-ئىچىمدىن شېئىرلار تۆكۈلىدۇ ھەر كېچە،ھېچكىم بىلمىدى.

سۈكۈت قىلدىم
،جىمىدى مەن بىلەن سەۋر-تاقەت
،جىمىدى ھەسرەت
،تۇردى ۋاقىت
پەقەت ئازابلىرىم سۆزلىدىكۆزلىرىم سۆزلىدى.
ھېچكىم ھېس قىلمىدى
،تۇيمىدى.
ھېچكىم...
ھېچكىم...
...



بىرسى كېلىپ سورىدى: مەلەك سىز نېمە ئۈچۈن بىرخىل ئوخشىشىپ
كېتىدىغان، تەسىرلىك ئەسەرلىنىلا تەرجىمە قىلىسىز؟باشقا
تۈردىكىلەرنىمۇ قىلىپ باقمامسىز؟

مەلەك دېدىكى: قەلەم يۈرەكتىن چىققاننى يازىدۇ، قىلغۇاتقانلىرىم ھەم
مېنىڭ يۈرەك سادايىم.

"دىققەت قىل، ئىتتىقاد ئوربىتىسىدىن چەتنىمەي پەرۋاز قىل!" مانا بۇ
روھىمنىڭ ھەردەمدىكى ئاگاھلاندۇرىشى.

مەن ھەم ئىتتىقاد ئوربىتامنى بويلاپ ئۈنسىز ھالدا، سۈكۈت
دەرياسىدىكى ئۇززۇن مۇساپەمنى باشلىماقچىمەن...

# 21. 13-ياشلىق قىزنىڭ پەريادى

بىز بۇ بايرامدا تويقا تۇتۇلدۇق، يوغان بىر بومبا چۈشتى ئۈستىمىزگە، مەن
12 ياشتا ئىدىم، ئىنىم بوسا يەتتە ياشتا. مەن كۆرمىدىم ئەمما، ئانام بەك
يىغلاپتۇ بىز ئۆلگەندە.

ئىككىمىزنىڭ قوللىرى كىچىككىنە ئىدى، تاپالمىدى. بولمىسا مۇتلەق
تاشلايتى بىزنى قەبرىمىزگە.....

بىز بۇ بايرامدا توپقا تۇتۇلدۇق،كىچىككىنە بىر ئوق كىلىپ تەگدى يۈرىكىمىزگە.

ئۆلمەك تولىمۇ ئاسان بىر ئىش ئىكەن،ئامىرىكىلىق ئەسكەرلەر كۆرسەتتە بۇنى ھەممىمىزگە.شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىر سۆيۈنۈش بارئىچىمىزدە،بىز ئۆلىمىز،ئەمما تىخىمۇ گۈزەل بولىدۇ بۇ دۇنيا،بولمىسا سىزدەك سەزگۈسىز مۇسۇلمانلار بىزلەرگە قاراپ قويامتىڭىز؟؟؟....

بىز بۇ بايرامدا توپقا تۇتۇلدۇق،خاتا ھالدا تانكا زەنجىرلىرى ئۆتۈپ كەتتى ئۈستىمىزدىن،چوقۇم بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

توپىغا مىلەنگىنى بىزنىڭ جەسەتلىرىمىز ئىدى.بەلكىم خەۋەرلەردە كۆرگەنسىز،مەن يۈگەردىم،ئىنىمنىڭ پۇتى ئىلىنىشىپ قالدى،ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدۇم،كۆرمىدى!!! كۆزلىرى يوق ئىكەن بۇ تانكىلارنىڭ بولمىسا بىزلەرنى ئۆلتۈرمىگەن بولاتتى.

ياق!ھەر قانچە بولسا ئۇنچە قانغور ئەمەستۇ؟

بىز بۇ بايرامدا بومبا ۋە ئوق يىدۇق،ئەنە ئاشۇنداق جان بەردى بۇ بەدەنلىرىمىز.

جىنازا نامىزىمىزنى چۈشۈرۈشىڭلارنى خىيال قىلاتتۇق،ھايات چېغىمىزدىمىغۇ بىز بىلەن بىللە ئەمەس ئىدىڭلار،بوپتۇ يەنىلا بەختلىكمىز...

بىز بۇ بايرامدا(ھېيت) ئۆيدە ئەمەس ئىدۇق،ئوق ئىنسان بەدىنى تىشىۋىتەلەيدىكەن،بىر ئۆي ئۆرۈلسە مازارلىققا ئوخشاپ قالىدىكەن،يارىدارلارنى ئۆلتۈرمەك پەقەت تەس ئەمەسكەن.

سىز بىلىدىغان شۇ تانىكىلار بارغۇ،بىز مەسچىتنى شۇنداق ئاسانلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەلەيدىكەن.ھەممىسىنى كۆردۈم،ئەمما سىزمۇ كۆرەلىگەن بولسىڭىزكەن...

بىز بۇ بايرامدا ئانىمىزنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويالمىدۇق،يالغۇز قەتلى قىلىندۇق.شۇنداقتىمۇ سىز سەۋىرچانلىق بىلەن بېقىڭ بۇ ھاياتقا،مەدەنىيەت ھەققىدە سۆھبەت قۇرۇڭ،ئەمما «سۇكۇتتىكى مەدەنىيەت» ئارىلىشىپ قالمىسۇن.سىز ئارام خۇدا يەڭ شۇ نېنىڭىزنى،بىز بىر ئازدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىمىز.ئۇچ كۇنلۇك دۇنيا،ئاچ قالغۇدەك ئەمەسقۇ سىز؟....

بىز بۇ بايرامدا دادىمىزنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ھېيت نامىزىغا بارالمىدۇق،ئەزانىمۇ ئاڭلىيالمىدۇق ھېچقايسىمىز.ئەمدى بىر ئەزان بولۇپ سىلەرنىڭ ئۇيقۇلىقتىكى ھالىتىڭلارنىڭ ئۇستىدە ئەگىپ يۇرسەككەن،ئەمما ئاۋازىمىز يەتمىدى.چۇنكى پۇتۇن مۇنار(ئەزان توۋلايدىغان ئېگىز پەشتاق)لارنى ئۆرۈۋەتتى.شۇ مۇنارلاردىكى ئەزان سىزنى چاقىرغاندا،روك مۇزىكىلىرىنى قويۇپ ئۇسۇل ئوينايتى ئامىرىكىلىق ئەسكەرلەر.

مانا!يەنە بىر مۇنارنى ئۆرۈۋەتتى،«يۇرۇڭلار يوقىتايلى ھەممىسىنى» دەپ توۋلىشاتتى.

سىز ھېيت ئۆتكۇزىۋاتقاندا بىز مەڭگۇلۇك ئۇيقۇدا بومبا ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدۇق،روھىمىز ئۇن ـ تىنسىز كۆككە كۆتۇرۇلدى،بەدەنلىرىمىزمۇ شۇ قەدەر ئۇنسىز،تىۋىشسىز ئىدى.

بىز بۇ ھېيتتا باشلىق ـ لىدىرلار ئەيىپلىگەن شۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئىسمىسىز قۇربانى ھەم ئىسلام ئالىمىنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسكە ئالىدىغان شەھىتلەر بولدۇق ھەممىمىز...

بىز بۇ ھېيتتا نامەرت بىر تۇزاققا چۈشۈرۈلدۇق،ئۆيدە بىزنى ساقلايدىغانلار قالمىغاندى،ھەم ئۈمىدنى ئۈزگەنتۇق شۇ قېرىنداشلىرىمىزدىن.ھايات ۋە ئۆلۈم ئارىسىدىكى شۇ ئىنچىكە سىزىقتا خىيالغا ئايلىنىپ غايىب بولدى شۇ بەدەنلىرىمىز.ئەمدى يەنە بىر ھېيت يېقىنلىشىۋاتىدۇ،ئاللاھقا ئاتىغان قۇربانلىقلىرىڭىزنىڭ ئورنىغا بىز مىڭلاپ قۇربان بولدۇق،ئەركىن بىر ئۆلۈم بىلەن ھەممىمىز....

بىز بۇ بايرامدا يۈرىكىمىزدىن ئوققا تۇتۇلدۇق،روھىمىزنى قاپلىغان ۋە بارغانسىرى دۇنياغا تارقالغان چوڭ بىر« نومۇس قىلىش،تارتىنىش»نىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئەلۋىدا دېدۇق ھاياتقا.سىلەر بەختلىك بولۇڭلار،قولۇڭلاردىكى ۋەھشىيلىكنى ئەيىپلىگەن بىر قانچە پىلاكات «تارتىنچاقلىق»ڭىز تۇپەيلى ئىشكابىڭىزغا قايتىپ كىردى.

«يالغۇزلۇق»ڭىز ۋە«چارىسىز»لىكىڭىز بىزنىڭ يالغۇزلۇقىمىز بىلەن بىرلىكتە غايىب بولسۇن.

ئەمدى كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار،ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى بۇ ھالىمىزغا قاراپ ئەلۋەتتە،شۇ سەۋەپ «ئازاپ» ئىچىدە تۇتاشتۇرۇپ چەكتىڭلار شۇ ئامىرىكا تاماكىسىنى،ئىچىڭلارغا چوڭقۇر تارتتىڭلار،شۇ تاماكا ئىسلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى بىزنىڭ يۈزلىرىمىز.ئەسلىدىغۇ بىزنى كۆرەلمەيتتىڭلار....

ئەنە زەينەپ!

ئەنە فاتىمە!

ئەنە ئائىشە!

**ئەنە ئىراق!**

**ئەنە فەللۇجە!(جاي نامى)**

**نېمە ئۈچۈن ئۇرۇپ ـ سوقۇلدۇم،نېمە ئۈچۈن غەلبە قىلدىم؟**

**گاھىدا مۈزلاپ ئۈششۈدۈم،گاھىدا ئىسسىندىم.**

**ھالىمنى سورىماڭلار!!**

**بۇمۇ بىر تەقدىر،ھالىمنى سورىماڭلار!!!**

**يۈزلىرىم يارىلاندى،قولۇم يارىلاندى.**

**يۈرىكىم يارىلاندى،قولۇم يارىلاندى.**

**ھالىمنى سورىماڭلار!!!**

**بېسىڭلارچۇ مېنى كۆكسۈڭلەرگە،ھالىمنى سورىماڭلار!!!**

**پۇچۇق(يارىلانغان يېرىم يۈرەك) يۈرەكتىكى سۆيگۈمىز ھارام!**

**شەھىتىم،يىگىتىم،ھالىمنى سورىما!!قىساس كۈنى كەلمىگۈچە سالىمنى سور ىما!!!**

**يۈزلىرىم يارىلاندى،قولۇم يارىلاندى.**

**يۈرىكىم يارىلاندى،قولۇم يارىلاندى.**

**ھالىمنى سورىماڭلار...**

**ھالىمنى سورىماڭلار...**

## 40 يېشىڭدىسەن

(ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتى قىسقىچە چۈشەندۈرۈلگەن نەسىر)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئەسلى ئاپتۇر: تۇرسۇن ئەلى ئەرزىنجانلى

يا رەسۇلۇللاھ، ئالەملەرگە رەھمەت بولغان ھاياتىڭ قەلبىمىزدىن كەچمەكتە. قەلبىمىزدە زىيارەت

قىلىۋاتىمىز سېنى. مانا بىر يېشقىدىسەن؛ بەنى سائاد يۇرتىدىسەن. ساڭا سۈت ئانىسى بولمىدى، ئاياللار، شۇ سەۋەبتىن قېيداغلىق بۇلۇتلار، بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشۈرمىدى، ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى بەنى سائاد يۇرتىدا. بىر پارچە بۇلۇت بار كۆڭ يۈزىدە، ساڭا ئاشىق. ئايرىلمايتتى باش ئۈستىڭدىن، ۋە ئىنسانلار يامغۇر دۇئاسىدا، ھەزرىتى ھەلىمە سېنى قۇچىقىغا ئالدى، يۈزۈڭدە بىر سايە، سېنى قۇياشتىن ئاسراش ئۈچۈن ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇت بار ئىدى، ساڭا مەپتۇن، ساڭا باغلانغان.

راھىبنىڭ قۇچىقىدا سەن، دۇنيالار گۈزەلىنىڭ كۆزلىرىگە باقاتتى راھىب، ئاچارچىلىقنى ئۇنۇتقان ئىدى، دۇئانى، يامغۇرنىمۇ ئۇنۇتقان ئىدى. ئەمما سەن ئۇنۇتمايتتىڭ، بىر نەزەر تاشلىشىڭغا جانلىرىمىز پىدا كۆزلىرىڭ بىلەن كۆك يۈزىگە باقاتتىڭ.

يا رەسۇلۇللاھ، مەككە باللىرى ئانىلىرىنى چاقىرار بولغىيدى-ھە، سېنىڭ يېنىڭدا؟ ئۇلار «ئانا!» دېگەن چاغدا سەن يەرگە قاراپ قالغانمىدىڭ؟ مەككە شاماللىرى قانچە كېچە كۆز ياشلىرىڭنى ئەبۋاغا ئېلىپ باردى؟ قانچە كېچە «ئانا!» دەپ يىغلىدىڭ.

ئەفەندىم، سېنىڭ ئۈچۈن «ئانا»دىدۇق، ئانىلىرىمىزغا، سېنىڭ ئۈچۈن «دادا» دېدۇق دادىلىرىمىزغا.

25 يېشقىدىسەن ۋە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئىنسانسەن، ساڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى؛ ھىدىڭدىن شەفقەت، ئۈنۈڭدىن ئىشەنچ تارايتتى- سەن مۇھەممەدۇل ئەمىنسەن!

33 يېشقىدىسەن، دەريا-دەريا رەھمەت بار. 35 يېشقىدىسەن، بولە، كېلە، ساقلاتما يار!!! ئىگراشلار ساما ئىشىكلىرىنى چېكىۋاتاتتى. بولە، كېلە، ساقلاتما يار، يۈرەكلىرى چاك-چاك يېرىلاي دېدى، رەسۇل ساقلىغانلارنىڭ!

ساڭا نېمىشقا ئازار بەرگەندۇ، سۇلتانىم؟ ئەبۇ تالىب ئۆلدى دەپ بۇ زۇلۇملارنى سالدىمۇ ساڭا، ھىمايىسىز قالدى دەپمۇ؟

كەئبىدىكى يىغلاشلىرىنىڭ كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋالدى، «تاغا، يوقلىقىڭ نە قەدەر تىز بىلىنىپ

كەتتى» دېيىشىڭ.

بىرسى مەككە كوچىلىرىدىن ساڭا قاراپ يۈگۈرۈپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، گوياكى ئەرشى ئالا ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك . بۇ يۈگۈرىۋاتقان كىم؟ جاۋاب بەردى، بىرى: « مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمەتۇززەھرا» ـ ۋەلىلەرنىڭ ئانىسى، يۈز ـ كۆزۈڭنى سۈرتتى، بىر تال قىزنىڭ، ساڭا يەر يۈزىدە ئەڭ ئوخشايدىغان، كۈلۈشى سەن، يىغلىشى سەن!

«يىغلىمىغا قىزىم» دېيىشىڭ كەلدى خىيالىمىزغا. نىمشقا چىقىرىۋەتتىكى يۈرتىڭدىن سېنى؟ ھىمايىسىز قالدىڭ دەپمۇ؟ ئۇلار «ساراڭ»دەيتتى سېنى، سەن سۈكۈت قىلاتتىڭ. «مەجنۇن» دەيتتى، «شائىر» دەيتتى، سەن سۈكۈت قىلاتتىڭ. «سېنى مېنىڭ قولۇمدىن كىم قۇتقۇزىدۇ؟» دەيتتى. سەن «ئاللاھ» دەيتتىڭ. ـ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە!

سەن «ئاللاھ» دەيتتىڭ، ئەرشى ئالا تىترەيتتى، بەدىردە «ئاللاھ» دىدىڭ، ئۈچ مىڭ پەرىشتە چۈشتى. 125مىڭ ساھابە «ئانام، دادام ساڭا پىدا بولسۇن!»دەيتتى.

سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز، يا ھەبىبۇللاھ» دىگەن ئىدى، سەن «ئاللاھ بىلىدۇكى، مەنمۇ سىلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن» دىگەن ئىدىڭ.

بۈگۈن ياشىغان ياشلار بار. بەلكى نەججار ئوغۇللىرىنىڭ قىزلىرى ئەمەس لىكىن سېنى ئۇلارمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

سەن كائىنات يۈرىكىدىن تەشنالىق بىلەن چىققان «ئاھ» سەن! قاراڭغۇ كېچىلىرىمىزگە ساباھ سەن! سەن نەبىيۇللاھسەن! سەن ھەبىبۇللاھسەن! سەن رەسۇلۇللاھسەن! ۋە ھېلىھەم ئۇممىتىڭ نىڭ بېشىدا سەن! ئاللاھۇ ئەكبەر!

# كۆزلىرىمدە ياش كەلگۈنى...

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەزىزانە يۇرتۇم قەشقەردىن ئايرىلى
پ ئىچكىرىدىكى بۇ مەكتىپىمگە ئوقۇشقا كەلدىم.ئائىلەمدىن تۇنجى ئايرىلىشىم ۋەپويىزغىمۇ تۇنجى
قېتىم چىقىشىم ئىدى.ئائىلە شارائىتىمىزنى ئويلاپ :« مەكتەپكە ئۆزۈم بارىمەن » دەپ تۇرىۋالدى
م.پويىز ئىستانسىغا ئۇزاتقىلى چىققان دادام كۆزلىرى ياش هالدا ئارقامدا قالدى.شۇ چاغدىن ئىتىب
ارەن لىۋىمنى قاتتىق چىشلىدىم.مەن بىر مۇسابىقە مەيدانىغا كىتىۋاتاتتىم،ئەمدى مەن ئەركىلەيدى
غان ئانام،تاغدەك يۆلەنچۈكۈم بولغان دادام يېنىمدا يوق ئىدى.

چامدانلىرىمنى سۆرەپ كىشلەر توپىغا قوشۇلدۇم،مەن مىڭ تەسلىكتە ۋاگوندىمنى تاپقاندا كىشلەر ئ
اللىبۇرۇن ئولتۇرۇپ بولغانىكەن.ئورنۇمنىڭ ئۈستىدىكى جاهازىدا مەن چامدانىمنى قويغۇدەك يەرم
ۇ يوق ئىدى.تەرلەپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ هاسىراپ كەتكەنىدىم،ئەمدى بۇ ئىش قوشۇلۇ
پ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى، مېنىڭ يىنىمدا ئولتۇردىغان خەنزۇلارغا گىپىمنى ئاران ئۇختۇرۇپ
يۈك ـ تاقلىرىنى رەتلىتىپ دۈمبەمدىكى كىچىك سومكىنى ئاران پاتۇردۇم،چامدانىم ئوتتۇرىدا تۈۋ
رۈكتەك تۇردى.مەنمۇ ھەم « نىمە بولساڭ بوله » دەپ شۇ يەرگىلا قويۇپ قويدۇم،ئۇف دەپ ئورن
ۇمغا ئولتۇردۇم كۆزلىرىمدە ياش لىغىرلايتى.«دادام ياكى ئاكام ئەكىلىپ قويغان بولسىچۇ،مەنمۇ
بۇنچە قىينالماس بولغىيتىم؟» دەپ ئويلىدىم.

يول بويى گىلىمدىن ھېچنىمە ئۆتمىدى.سومكامغا لىق تولدۇرۇلغان «ئىخلاس» شاكىلات ۋە پىرەن
ىك،ئىچىملىكلەرنى بولسا يېنىمدا ئولتۇرغان قىزغا بىرىۋەتتىم.گەرچە كۆزۈم قىيمىسىمۇ يۈكىمنى بى
رئاز بولسىمۇ يىنىكلىتىشنى ئويلايتىم.

دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۈن ـ تىنىسز ئولتۇراتتىم،كەچمىشىمنى ئويلايتىم،تىخى ئۈلۈشكۈنلا مەن م
امالارنىڭ يىزىسىدا ئىرىققا كىرىۋىلىپ لاي ئوينايدىغان مەلەك ئىدىم،تۈنۈگۈنلا سىنىپنى بېشىغا
كىيىپ كۈلكە چىقىرىپ،ئوقۇتقۇچىلاردىن تىل ئاڭلايدىغان مەلەك ئىدىم،مانا بۈگۈن تەقدىر كىتابى
منى يازغىلى ماڭغان يازغۇچى،ئالى مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ جەڭ مەيدانىغا كىتىۋاتقان

جەڭچى بولدۇم.

تاماقلىرىمنى ھۇجرامغا ئەكىرىپ بېرىدىغان ،ئۆستەلگە بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغىنىمدا ئەتىسى
 كىرىپ بېشىمنى سىيلاپ يىغلايدىغان ئانام ئاستا-ئاستا مەندىن يىراقلاشماقتا ئىدى.

شۇ ئەسنادا ئۇدۇلىمدىكى خەنزۇ قىز:« سەن يۇرتۇڭدا بۇنداق جايلارنى كۆرۈپ باقمىغاچ تويماي
تاماشىشا قىلىۋاتامسەن؟بولدى ئۇخلىۋال ئىچكىر دىگەن بۇندىن نەچچە ھەسسە گۈزەل!» دېدى.
مەن :« بۇ مەنزىرىنى تاماشىشا قىلمايۋاتىمەن،ئۆز يۇرتۇمنىڭ سىماسىنى ئىزدەۋاتىمەن» دەپلا گەپن
ى ئۈزدۈم جىققراق كوتۇلداي دېسەممىغۇ جايلاپ دىيەلمەيتىم.

شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە پويىزدىن چۈشتۈم.

مەكتەپكە ئورۇنلىشىپمۇ بولدۇم.ياتاقداشلىرىم ھەر ھالدا جەنۇپلۇق بولغاچ،ماڭا ئوخشاش تۈز كۆ
كۆل ئىدى.ھەربىي مەشقمۇ باشلاندى.ھەركۈنى سەھەر سائەت 6 دىن كەچ سائەت 9:30 غىچە دا
ۋاملىشاتتى . بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ بىنورمال ئىكەن،توختىماي سىم-سىم يامغۇر يېغىپ تۇردد
كەن،شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مۇز قاپاق ئەسكەرلەر بىزنى قويۇپ بەرمەيتى.ھەر سائەت ئارىلىقىدا 10
مىنۇت ئارام ئالاتتۇق.پۈشتەك چىلىپ :«ئارام ئېلىڭلار» دەپ توۋلايدىغان ھەربىي پاكار ۋە سىمىز
 بولغاچ باللار دەسلەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلەتتۇق،«شىر پادىشاھ فىلىمىدىكى سىمىز چاشقان شۇ»
دەيتۇق.كىينچە ئۇ غوجامنىڭ تىزرەك چىقىپ پۈشتەك چېلىشىغا تەشنا بولۇپ :«قەدىرلىك بودەڭ
،نەدە قالدىڭىز،تىز چىقىڭە،سىزنى ئەمدى زاڭلىق قىلمايمىز» دەپ بىچارىلارچە پىچىرلايتۇق.

مېنىڭ ئەڭ خوش بولغىنىم ھەربىي مەشىق ئاخىرلىشىپ پاراتتىن ئۆتىدىغان كۈنى بىزگە مەسئۇل ھ
ەربىيچاق:«ياغلىقىڭنى ئېلىۋەت» دېگەن چېغىدا يەنە بىر چوڭ باشلىقى كىلىپ :« بۇ دىگەن ئۇلا
رنىڭ ئۆرپ- ئادىتى،چىچىنى چىقىرىپ ئارتىدىغانلار ئېلىۋەتسۇن،بۇ قىپ قالسۇن،چۈنكى سەن ئ
ۇنىڭغا ئال دېسەڭمۇ ئۇ ئالمايدۇ» دېدى.بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ «بەك خاپا بولسا ئىلىۋەتەرمەن يا
» دەپ ئويلىغانلىرىمدىن نۇمۇس قىلىپ تېخىمۇ چىڭ تۇردۇم. 15كۈنلۈك مەشىق ئاخىرى تۈگىدى
.

مەشق جەريانىدا ھەم روزا تۇتقان  بولغاچقا بەك ئاجىزلاپ كەتكەن بولسام كېرەك،ئاغرىپ قالدى
م. ئۆزۈم يالغۇز مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا ئوكۇل ئاستۇرۇپ ياتقىنىمدا مەكتەپكە كەلگىنىمگە پۇشا
يمان قىلىپ يۈم ـ يۈم يىغلىدىم.

ياتاقتىكى قىزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيگە تېلېفون قىلىپ يىغلايتى،خەقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پە
پىلەپ :« جىنىم بالام،بىز ئۇنى ئەۋەتىمىز،بۇنى ئەۋەتىمىز چىداڭ،بولمىسا يېنىپ كېلىڭ شىنجاڭ
دىكى مەكتەپلەرگە ئالماشتۇرىمىز» دەيتى.

ئەمما مەن ئۆيگە 4 ـ 5 كۈندە بىر تېلېفون قىلاتتىم،ھەم قىسقىلا پاراڭلىشاتتىم.ئۆيدىكىلەر مەندىن
« كۆنەلىدىڭمۇ بالام؟قىينالدىڭمۇ؟» دەپ سورىمايتى،چۈنكى ئۇلار يوغان بىر ئۆيدە ياپيالغۇز 2
يىل ياشاپ ،يالغۇز ئوقۇپ،ئىمتىھان بەرگەن بۇ قىزنىغا قاتتىق ئىشىنەتتى.تېلېفوننى قويۇپ بولۇ
پ يوتقانغا كىرىۋېلىپ يىغلايتتىم.ياتاقداشلىرىمغا يىغامنى كۆرسەتمەيتتىم،چۈنكى ھەر قېتىم ئۇلار م
ىقىرىغاندا :« يىغلىساڭلار،ئاتا ـ ئاناڭلار ئۆيدە ئارام خۇدا ئولتۇرالامدۇ،چىدايمىز ئەمدى كەلگەند
ىكىن» دەپ نەسىھەت قىلاتتىم.

ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ جايدىكىلەر بۇرۇن بەك ئالاھىدە خاسىيەتلىك ئادەمدەك بىلىنەتتى.ئال
ىي مەكتەپتە ئوقۇۋېدىكەن دېسە:«ۋۇيىيۇ!دېمەك بەك ئەقىللىق ئىكەن دە!» دەپ ئويلايتىم.ئەمدى ئ
ۆزۈممۇ مۇشۇ قاتاردىن ئورۇن ئالغانىدىم.ئەمىسە مەن ئەقىللىق مۇ؟

ياق!مەن ئەقىللىق ئەمەس،ئەقىللىق بولغان بولسام باشقىلاردىن پەرقلىق بولغان بولاتتىم.ھەر كۈن
ى ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە دەرس ئوقۇسام بۇنچە قاقشىمايتىم؟        بىر كۈنى كۈتۈپخا
نىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ پارتىغا بېشىمنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.بىر چاغلاردا يۈزلىرىمنى
ڭ ئاغرىقىدىن ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.ئەتراپىمغا قارىسام پۈتكۈل بوش ئورۇنلار تولۇپ بوپتۇ،ھەممە
ئۆز ئىشىدا ،جىمجىت كىتاپ كۆرۈۋېتىپتۇ.قولۇمدىكى كىتابنىڭ قاتلىنىپ كەتكەن بېتىگە كۆز يۈگ
ۈرتتۈم.كۆز ئالدىمدا مۇنۇ قۇرلار تۇراتتى:«ئۇ،باشقىلاردىن پەرقلىق بولدى،باشقىلار ئويۇن ـ تاماش
ا،دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىسا،ئۇ ئىزچىل غايە ۋە ئۇلۇغۋار نىشانلىرى ئۈچۈن تىرىشتى.باشقى

لار ئۆيقۇدا ياتقاندا ئۇ سوغۇق كارىدوردا تىكىست يادلايتى....»كۆزلىرىمدىن بىر نەچچە تامچە
ياش كونتروللىقنى يوقاتقاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىتاب يۈزىگە چۈشتى.قىلمىشىمدىن نۇم
ۇس قىلدىم،ئۆزۈمنىڭ سۇنايلىنىپ يېتىپ كەتكەن ھالىتىم بىلەن كىتابتا تەسۋىرلەنگەن باش پېرسۇ
ژنىڭ ئىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزۈمنى تولىمۇ ئاجىز ۋە بوشاڭ ھېس قىلدىم.خۇددى غايىۋانە بىر ك
ۈچ مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

قېنى مەندىكى چىدام ـ غەيرەت،پولاتتەك ئىرادە؟؟؟ ئۆزۈمنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى باتۇر نۇزۇ
گۇم،يەتتە قىزلىرىم... قاتارلىق قەھرىمان قىزلارغا ئوخشىتاتتىم،ئەمدىلىكتە بولسا تولىمۇ ئاجىز،م
ىشچان قىزلارغا ئوخشاپ قىلىۋاتاتتىم.

ئەتراپىمدىكى ھەرشەيئىدىن بىزار بولاتتىم.ئەقلىمنىڭ ئولجىغا تەشنا شىرغا ئوخشاش بىلىمگە تەشنا
بولىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.باشقىلارغا ھىجاپلىق قىزلارنىڭمۇ چەتئەل تىلىللىرىنى ۋە پەننى بىلىملەرن
ىمۇ ئۆگىنىپ ھەر قايسى جەھەتتىن تەڭ يېتىشكەن ،كىشىنىڭ ئاغزىنى ھەيرانلىقتىن يوغان ئاچۇرال
ىغىدەك بىگىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن تىرىشماقچى بولاتتىم.ئەپسۇس بۇ خائىن ن
ەپسىم،دىلىمغا،روھىمغا ھېچ بويسۇنمايتى.باشقىلار ئۇخلىسا،مېنىڭ بۇ رەزىل شەيتىنىنىمۇ:«ئۇخلا
مەلەك!خەقلەرمۇ ئۇخلىدى،بۇ تېنىڭ ساڭا ئامانەت ئەمەسمىدى،بولدى ئۇنى ئاسرا،كەل قوزام يېتى
پ ئۇخلاپ قال!» دەپ مېنى قۇترىتىپ،بېشىمنى سىلايتى.شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بۇرنى باغلانغان
تۆگە شۇنچە كۈچلۈك تۇرۇپ ئادەم قاياققا يېتىلىسە شۇ ياققا ماڭغاندەك،مەنمۇ ھەم رايىشلىق بىلە
ن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئاستا كارىۋىتىمغا ياماشتىم.

ۋاقت ئۆتمەكتە،بىر ئاي،ئىككى ئاي...

بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچ كەلدىم.ئەتراپىمدىن مەن ياخشى كۆرىدىغان «ئەسسالامۇئەلەي
كۇم!»دېگەن سۆز ئاڭلانمايتى،ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن يالغان كۈلكە، ئاغزىدىن
«تىنچلىقمۇ؟» دېگەن سۆز تۆكۈلەتتى،بۇ گەپ ماڭا كورىيە فىلىملىرىنى ئەسلىتەتتى.ئۆزەمچە ئىچ
ىمدە ئۇلارنى:«ھىڭ!دورامچۇقلار،ئۆز كۆڭلۈڭلەردە مەدەنىيەتلىككىلارنىڭ ئىپادىسىكەن ـ دە بۇ؟»

دەپ ئاچچىق كۈلەتتىم.

كىچىك ۋاقتىمدا مومام بىلەن شۇنداق سۆھبەتلەشكىنىم يادىمدا:

ـ موما!ئادەم نېمىشقاق ئاسمانغا چىقالمايدۇ؟

ـ چۈنكى ئاسمان بەك ئېگىز بالام.

ـ ئەمسە نېمىشقا هاڭغا شۇنچە ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ،ئۇمۇ شۇنچە چوڭقۇرغۇ؟

......

شۇ ۋاقىتلاردا تالايىلغان سۇئاللىرىم مانا مۇشۇنداق جاۋابسىز قالغانىدى.ئەمدى بۇنداق نۇرغۇنلىغ ان نېمە ئۈچۈنلىرىمنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك قىلاتتىم.

ئەسلى بىز ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىمىزنىڭ بىزگە قوماندانلىق قىلغۇچى باتۇر بىر يۈرىكىمىز يوقكەن. ئېتىقاد،ئەخلاق،غورۇردىن يۈغۈرۇلغان ،بىزلەرنىڭ ياشاشتىكى ئەڭ مۇھىم يول كۆرسەتكۈچىمىز بول غان «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىگە رىلىس قىلغان ئاشۇنداق بىر يۈرىكىمىز بولغان بولسىدى،يولدىن چىقمايتتۇق،خاتالاشمايتتۇق،ئەكسىچە ئۇ دۇنيادىكى گۈزەل بىر باغچىغا يېقىنلىشىشنىڭ قەدەملىرىن ى باسقان بولاتتۇق.

مەكتەپ ئاشخانىسىدا بىر نەچچە قوشۇق سىلىنىپلا قالغىنى يېيىلمەي قالغان تاماقلارنىڭ هىچ ئىكك ىلەنمەيلا تازىلىغۇچى ئاياللار تەرىپىدىن يوغان بىر چېلەككە راهەتچە شالاققىدە تۆكۈلۈشلىرىدىن ئى چىم سىيرىلدى.ئاللاهۇتەئالا :«هەي ئىنسانلار!يەڭلار،ئىچىڭلار ئىسراپ قىلماڭلار!»دېمىگەنمىدى.ئ اشخانىدىكى هەممىمىز مۇسۇلمانغۇ،ئەجىبا بۇنى بىلمەمدۇ؟كۆزلىرىم يەنە ياشقا تولدى.

ئاپتوبۇسقا چىقتىم،بىكەتكە كەلگەندە :«چۈشىدىغان بار»دەپ تۇرسامۇ شوپۇر هىجىيىپ قويۇپ: «سىلەر ئۇيغۇرلار بەك قالتىسقۇ،ناخشا ـ ئۇسۇل،ئۇچى ـ بۇچى هەممىنى بىلىسىلەر،قىلالمايدىغان ئى شىڭلار يوق نوچى بولساڭ سەكرەپ چۈشۈۋال!» دەپ قويۇپ كېتىۋەردى.غەزەپتىن تىترەپ كەتتى م.كۆزلىرىمدە يەنە ياش كەلكۈنى يامرىدى.

بىز ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئايرىمچىلىق قىلىمىز.ئاللاه بىزنى ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغانغۇ،

ھەرگىزمۇ« ئۆزمىللىتىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار» دېمىگەن،بىز ئاخىرقى سوتتا ئۇ مىللەت،بۇ قەبىل
ە دەپ ئايرىلامدۇق؟ياق ! پەقەت مۇسۇلمان،كافىر دەپ ئايرىلىمىزغۇ؟نېمە ئۇچۇن تېخىچە توگىمە
يدۇ بۇ ئايرىمچىلىق؟بولدىلا ئىككى مىللەت ئوتتۇرسىدىكى ئايرىمچىلىقنى قويۇپ تۇراي،ھەر ئايدا
بىر ئۆتكۈزىلىدىغان «يۇرتداشلار ئولتۇرىشى» ئاڭلىشىمچە تولىمۇ ھەشەم ئىچىدە ئۆتكۈزۈلەرمىش.
ئۇ يۇرتىنىڭ بالىلىرى بىلەن بۇ يۇرتىنىڭ بالىلىرى بۇ شەھەردىكى ساناقلىق بىر نەچچە رىستۇران،ۋ
ك ت ۋ(بۇنىڭ مەنىسنى كارائوكى ناخشا ئېيتىدىغان جاي دەپ قارايمەن بىلمىدىم توغرىمكىن تا
ڭ)خانىلاردا ئۇچرىشىپ قالغىنىدا «ئاۋۋال بىز پۈتۈشكەن،سىلەردىن بىز كۆپ،بىزنىڭ يۇرتىنىڭ داڭقى
نى ئاڭلىمىغانمۇ دەرھال بىزگە بوشات»دەپ 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشنى باشلىۋېتەرمىش.مەنغۇ ھازىرغىچە
ئۇنداق سورۇنلارغا بېرىپ باقمىدىم ئەمما شۇنداق ئاڭلىدىم،شىنجاڭدىن ئايرىلغان بولغاندىكىن،نې
مىشقا«بىز شىنجاڭلىق» دىمەي،«بىز ئۇيەرلىك،بىز بۇيەرلىك» دەپ ئايرىيمىز؟
ئادەتتە ھەر كۈن دەرس بولغاچقا يىراق جايدىكى بازارغا بارالماي،كەچتە دەرستىن چۈشۈپ مەكتە
پ ئالدىدىكى كەچلىك بازارغا بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئالغىلى چىققىنىمىزدا «شىنجا
ڭلىق كەلدى،ئوغرى»دەپ ئارقىسىغا ئېسىۋالغان سومكىنى مەيدىسىگە ئېسىۋىلىشلار،ئارقا يانچۇقتى
كى پۇلنى چىڭ سىقىمداپ ئالدىغا يۆتكىۋىلىشلار ھەردائىم بولۇپ تۇردىغان ئىشلار ئىدى.ياتاقتىك
ى قىزلار سىرتقا چىقسىلا مېنى بىللە چىقىشقا زورلايتى.
بۇ زورلاشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلىپ يەتتىم.يان تەرەپتە قېنىق شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك
زەرلىك ياغلىقنى ئالدىدىن چىگكەن،پىشانە تەرىپىدىن ساپسېرىق بۇدرە چاچلىرى چىقىپ
قالغان،ئاستىغا تار پادىچىلار شىمى،ۋە تەنتەربىيە ئايىغى كىيگەن قېنىق گىرىم قىلغان بىر قىز
بىلەن 16 ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ، تۆمۈر قالپاق كىيىۋالغاندەك چاچ قويۇۋالغان(باشقىلار بۇ
چاچنى چىڭلۇڭباش دەيدىكەن) بىر بالا كۇسۇرلىشىپ ئالدى تەرەپتە ئېڭىشىپ بىر نەرسە
كۆرۈۋاتقان بىر خەنزۇنىڭ يانچۇقىنى كولاۋاتاتتى.شۇنداق چۆچۈپ كەتتىم.توۋا ئاۋۇ ياغلىق
ئارتقان قىزنى تېخى« ھەمشىرەم بولسا كىرەك،ئالدىدىكى بىر تۇتام چېچى ئېھتىياتسىزلىقتىن

چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپتىكەنمەن.ئەسلى ئۇ...

قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇردى،ياغلىق ئارتىۋىلىپ ئوغۇرلۇق قىلىپ باشقا قىزلارنىڭمۇ يۈزىنى تۆكـ
ۋاتقان ئاشۇ ئۇيغۇر قىزنى بىر تەستەك قويغۇم كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى شۇ ياغلىقنى يۇلۇپ
ئىلىۋەتكۈم كەلدى.

يەنە بىر تۇرۇپ« ئۆيگە قايتالماي ،جاپادا قېلىپ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتامدىغاندۇ يا؟» دېدىم.

بىز بىلەن بىللە چىققان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇيدىغان ئاچاش ،ماڭا چۈشەندۈرۈ
پ :« سىڭلىم،ئۇ قىزلار ياغلىق ئارتىۋالسا،خەقلەر ئۇنى مۇسۇلمان ئىكەنغۇ دەپ بەك ئېهتىيات ق
ىلىپ كەتمەيدۇ ،ئۇ قىز ئارامخۇدا سودىسىنى قىلىپ پۈتتۈرۋالىدۇ» دېدى.

هە ئەسلى مۇنداقكەندە ،دېمەك ياغلىقمۇ بىرپايدىلىنىش قورالىغا ئايلىنىپتۇ،كۆزلىرىم يەنە ياشقا
تولدى.

نامازغا تۇرغىنىمدا ئۇدۇلقى ياتاقتىن ۋاقى ـ جاقى ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.بىز ناخشا مەستانىلىر
ى بارغانچە دۆتلىشىپ،بۇلبۇلنى يىتىم قالدۇرۇپ،شۇملۇق ئەلچىسى هۇقۇش ئالدىغا يۈگرەۋاتى
مىز،ئىشەكنىڭ هاڭرىشىغا هەۋەسلىنىپ قاراۋاتىمىز،ئەي! بىزنىڭ ئازغۇن روهلىرىمىز!؟!؟ دۇئانى
يىغام بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم.

سەهەر ئۆزۈم يالغۇز كېتىۋاتىمەن...

تونگگۇزدەك چىرقىراپ قويىدۇ پات پات،
كەينىمدىن يېقىنلاپ جاللات ماشىنا.
كىلىۋەر تارتىنماي بولسا گەر مەيلىڭ،
تىنىمدە بولسا گەر سىنىڭ مەقستىڭ.
پاپ!!!پاپ!!
كىلىۋەر هوي جاللات،

بەلگەڭنى بەرمەي.

جاق تويدۇم پانيدىن،

ئىپ كەتكىن يوچۇن.

گۇناهكار بەندە بوپ ياشاۋەرگەندىن،

قساسىم ئالايمەن.

دوزاختا ياۋدىن،

كۆيدۇرەي بوپ ياۋنى بىر ۋاخلىق ئوتۇن.

كۆزلىرىمدە يەنە ياش كەلكۇنى، هەتتا ماشىنلارمۇ مېنى يەكلەۋاتىدۇ ،بوزەك قىلىۋاتىدۇ ،ئۆزۈم پاتقىدەك تىنچ بىر ماكان بۇ سوغۇق شەهەردىن تىپىلمايۋاتىدۇ.
مېنى تىخىمۇ ئەزگىنى ماۋۇ قۇياشى ئايلاپ كۆرۈنمەيدىغان تۇتەكلىك ئاسمانمۇ مەن بىلەن تەڭ يىغلاۋاتىدۇ .ئەزەلدىن كۇنلۇك ئالمايمەن.ياش تامچىلىرىم بىلەن بۇلۇتنىڭ كۆز ياشلىرى ئاداش بولۇپ بىرگە ئوينىدى.

ۋاقت -

دەبدەبىسىز ئۇزىتىلماقتا،

ياش يالتىراپ تۇرغان كۆزۈمدىن .

مەن بىرەلمەي ئاڭا هېچنىمە ،

ئۇ يىراقلار ئاستا مېنىڭدىن .

پايدا بەرمەس تەنها ۋاقتنىڭ ،

زەنجىرسىمان قورشاۋى ئارا .

ياتماقتىمەن غەمسىز ،خىرامان ،

بولغاچقىلا يۈرىكىم يارا .

ۋاقىت ئۆتمەكتە،بىر كۈن ،ئىككى كۈن،بىر ئاي ،بىر يىل...

بىر يىل ئۆتتى، بىر يىلنى سائەتكە سۇندۇرساق قانچىلا سائەت بولىدىغاندۇ؟بۇنىغا ئەقلىم يېتىپ بولالىلمايدۇ،ئىشقىلىپ تولىمۇ جىق ۋاقىت،بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاق تەمتىرەپ مېڭىشنى ئۆگىنىپ بولىدىغۇ دەيمەن.

مەنچۇ مەن؟ مەن نېمە ئۆگەندىم، تېخى بىر يىل ئىلگىرى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچى ئىدىم، ماڭا ئەمدى بىرىنچى يىللىقنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن،قولۇمدە دىيارىمغا قايتىش بىلىتى،شۇ كىچىككىنە بىر بىلەت كۆزلىرىمگە شۇنچە سۆيۈملۈك بىلىنىپ كەتتى،كەچ سائەت 12 دىن ئاشتى ئەمما ئۇخلىيالمىدىم،ئۆيگە كېتىش خۇشاللىقى ئۇخلاتمىدىمۇ؟

ياق!!!

بۇندىن ئىككى ئۈچ كۈن بۇرۇن بولغان ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن قىزلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇششى،چاچ يۇلۇشۇشلىرى كاللامغا كىرىۋالدى.

بۇلارنى ئويلىغانسىرى قەلبىم مۇجۇپ ئاغرىدى،كۆزلىرىمدىن يەنە ياش ئاقتى.ئاجرىتىپ قويغىلى چىقىپ :« ياغلىق ئارتىدىغان تۇرۇپ ئۇرۇشقا چىقىدىغان ئۇرۇشقاق» قا ئايلاندىم. ھېلىغۇ ئۆز مىللىتىمىز،قېرىنداشلىرىمىز،ئۇرىشىدىكەن، يات مىللەت كىشىلىرى ئۇرۇشسىمۇ قىزىقىپ بولسىمۇ بېرىپ قاراپ باقمىز،ئاجرىتىپ قويغىمىز كىلىدىغۇ،بۇ ئەقەللى قائىدىنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ چىقمىغىنىغا يەنە ياشلىرىم تۆكۈلدى .

تاققا ـ تۇققا،ھەر خىل خىياللار قايىنىمدا قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

ئاخىرقى ئىمتىھاندا بىسمىللاھ دەپلا كاللامغا نېمە كەلسە شۇنى يېزىپ ، ئاق قويماي چىقىپ كەتتىم،

شۇنداق قىلىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ،پويىز ئىستانسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.
بىز ئولتۇرغان ۋاگوندا ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارلا بار ئىدى، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۈستىگ
ە ئېلىۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن ئىتتىرىپ كىلىنگەن بىر نەرسە پۇتۇمنى قاتتىق سوقتى.ۋاي
جان! دەپ پۇتۇمنى تۇتقىنىمچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدىم.ئەپسۇس ئۇ قىز ماڭا قارا
پمۇ قويماي،بىر ئىغىز كەچۈرۈم سوراپمۇ قويماي كىتىپ قالدى. ئىشتىنىمنىڭ پۇچقىقىن
ى قايرىپ قارىدىم،قىپقىزىل سىرىلىپ ،قان تەمچىپ تۇراتتى،تىخى ئىشتىنىمنىڭ پۇچق
ىقى چىرايلىق شەكىل چىقارغاندەك تۆت چاسا شەكىلدە يىرتىلغان ئىدى.جايىمدا پاچىق
ىمنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىمدىن  ياش ئېقىپ كەتتى.ئاغرىققا ئەمەس،يىڭى ئالغا
ن ئىشتىنىمنىڭ يىرتىلغىنىغا ئىچىم ئاغرىپ ئەمەس،ئاشۇ قىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىغا،ئاغزىنى
ڭ قاتتىقلىقىغا ئاچچىغىم كىلىپ ،جىلە بوپ يىغلىدىم.
بۇ ياشلىرىممۇ قىززىق،ئازاپلانسامۇ تۆكۈلىدۇ،جىلە بولسامۇ تۆكۈلىدۇ،بەزىدە تېخى
،ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس،باشقىلار ئۈچۈن تۆكۈلىدۇ.

ئۈرۈمچىگە ئەتىسى چۈشكە يېقىن چۈشتۇق،ھەدەم يۈگرەپ ئالدىمغا كەلدى،ئىككى د
وستۇممۇ ئالدىمغا كەلدى،بىرى توردا تونۇشقان ئەرەپ تىلى،كومپيوتېر بىلىملىرىگە پۇ
ختا بولغان دوستۇم س**، بىرى تۈرك تىلى ،ئىنگىلىز تىلى قاتارلىقلاردا ماڭا ئىزچىل
ھەمدەمدە بولۇپ قوللاپ كىلىۋاتقان دوستۇم ب***  ئىدى،ئۇلارنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇ
شال بولدۇم .
بەزى ئىنسانلار توردىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم دۇنيادىمۇ ھەقىقى دوستلۇق،ھەتتا ھەقىقى
مۇھەببەت،كۆيىنىش دىگەنلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە كېرەك.
ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىۋاتقان ئەڭ يىقىن دوستۇم بىلەنمۇ مانا مۇشۇ مەۋھۇم
دۇنيادا تونۇشقانمەن.

مۇشۇ مەۋھۇم دۇنيادا تونۇشۇپ،سىردىشىپ،پىكىرلىشىپ كىلىۋاتقان يەنە بىر دوستۇمدى
ن ئايرىلغاندا ئەڭ مۇھىم نەرسەمنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك كىچىك بالىغا ئوخشاش ھۆڭر
ەپ يىغلىغانمەن.

شۇنداق قىلىپ،ئۈرۈمچىدە تۇرغان بۇ قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈندە نۇرغۇن ئىشلارغا دۇ
چ كەلدىم. ئەڭ دەسلەپ ئۈرۈمچىنى شۇنداق ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلدىم، بىر ئىككى
كۈندىن كىيىن ماڭا گۈزەل كۆرۈنگەن شۇ شەيئىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىن
ى تونۇپ يەتتىم. ماڭا چىرايلىق كۆرۈنگەن شۇ ئورانغان قىزلارنىڭ ئورانغان بېشىغىلا
قاراپتىكەنمەن،ئەمما تولىسى بېشىنى يۆگىۋالغان بىلەن ،باشقا ئەۋرەتلىرى بولغان بىلە
ك،پاقالچاقلىرىنى ئوچۇق قويىدىكەن ئەمەسمۇ.چاچلىرىنى نامەھرەملەردىن ساقلاش ئۈچ
ۈن ئورايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟يوللاردا ئوغۇللار بىلەن ئېسىلىشىپ ماڭىدى
كەن ئەمەسمۇ؟؟

بۇ ھالغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى، ھەدەم ئوقۇۋاتقان كۇرۇسنىڭ ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ ت
ۇرغىنىمدا 30 نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى قاپقارا ئۇزۇن ھىجاپلانغان بىر ھەدەش كۈلۈم
سىرەپ ئالدىمغا كەلدى .

« ئەسسالامۇئەلەيكۇم !سىڭلىم،خاپا بولماي بالامغا بىردەم قاراپ تۇرالارسىزمۇ؟مەن كۇرۇستا كىتا
بىمنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن،ئۈچىنچى قەۋەتكە بالامنى ئەپ چىقىپ بولغىچە ھېرىپ كەتكۈدەكمەن
» - دېدى .

« ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام » دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپ بالىسىنى ئىلىپ قالدىم.بالا تولىمۇ ئوماق ئىد
ى ،ئۇنىڭدىن :« ئاپاڭ نېمە كۇرۇستا ئوقۇيدۇ ،سەن نېمشقا ئوقۇمىدىڭ؟» دەپ سورىدىم . بالا
چۈچۈك تىلدا :« ئاپام يوشۇرۇن ئۆگىنىدۇ ،مەن يا يوشۇرۇن بىلمىشەم » دەپ كۈلدى. ئۇنىڭ گەپلىرى
دىن ئاپىسىنىڭ روسچە ئۆگىنىدىغانلىقىنى بىلدىم.

ئاپىسى بىردەمدە چۈشتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ :« سىزنى ئاۋارە قىلدىم ھە سىڭلىم، ئەمدى ئۆيدە بو

لغاندىكىن بىكار تۇرغىچە ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە ئۆگىنىپ قويااي كىينچە بالىنى تەربىيلەشكە پ
ايدىسى بوپ قالار دەپ ،بىر نەچچە خىل تىل ئۆگىنىۋاتقانتىم، بۇ بالىنى ئامالسىز كۇرۇسلارغا ئىل
ىپ بارىمەن،سىنىپىنىڭ دەرىزىسىدىن ماراپ مېنى چاقىرىپ يۇرۇپ،ئارام بەرمەيدۇ،شۇنىڭ بىلەن قا
لغان كۇرۇسلارغا بارمايۋاتىمەن،مۇشۇ روسچىغىلا بېرىۋاتىمەن » دېدى.
ئۇنىڭغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدىم،كىتىدىغاندا ئۇ ھەدەش بالىسىغا :«ھەدىڭىزگە خو
ش دەڭ » دېدى.
بالىسى يەنە كۇلۇپ تۇرۇپ ناھايىتى ئۆلچەملىك ئەرەپ تىلى تەلەپپۇزىدا :« ئەسسالامۇئەلەيكۇم»
 دېدى.
ئاغزىمدىن مارشائاللاھ دىگەن گەپ چىقىپ كەتتى.
ئۈچ ياشلارغا كىرەي دىگەن بىر بالىنىڭ خوشلىشش سۆزىگە ئەسسالامۇئەلەيكۇم سۆزىنى ئىشلىتىشى
دىن تولىمۇ تەسىرلەندىم.كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى.
شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىدە ھەر خىل،ھەر ياشىزا ئادەملەرنى كۆرگەن بولدۇم،ئەمدى سەپىرىمنى داۋ
ام قىلىپ،ئۆيۈمگە قايتىشىم كىرەك ئىدى.
پويىز ئىستانسىنىڭ كۇتۇش زالىدا ئولتۇرغىنىمدا 10 ياشلاردىكى ئاق سىرىق،بۇدۇر چاچ بىر بالا :
« ئاچا،قەشقەرگە بارىدىغان پويىزنىڭكىنى مۇشۇ يەردە ساقلامدۇ يا» دەپ سورىدى.
«ھەئە!» دېدىم ،ئۇ بالىنىڭ «ئاچا» دېگەن سۆزى شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى،ئۇ بالا ئاتى
ىسى بىلەن ئۇدۇلۇمغا كىلىپ ئولتۇردى ،ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇمسىرەپ قويدۇم.ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك
لىرىگە قاراپ شۇنداق كۇلگۇم كەلدى،پۇتىغا ئاپئاق تەنھەركەت ئايىغى، ئاپئاق ئاسما مايكا ئۇستى
گە،دىڭىز ياقىسىنىڭ سۇرەتلىرى چۇشۇرۇلگەن كۆك رەڭلىك گۇللۇك ئالدى ئوچۇق كۆينەك،پادىچى
لار ئىشتىنى كىيگەن بولۇپ،سارغۇچ چاچلىرىنى شەكىل چىقىرىپ چىرايلىق تارىۋالغانىدى. ئۇنىڭ
شۇ تۇرقى جوڭگونىڭ قەدىمكى زامان كىنولىرىدىكى بايۋەتچىلەرنىڭ كىچىك باللىرىنى ئەسلىتەتت
ى.

بىردەم تىلىفۇنۇمغا قاراپ ئويناپ ئولتۇرۇپ دىققەت قىلماي قاپتىمەن،ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ بېش
ىمنى كۆتۈرسەم ھېلىقى بالا ئىسسەدەپ يىغلاۋاتاتتى،ئالدىدا شەپكە كىيگەن شەپكە ئاستىدىن قالايم
ىقان چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان يىقىمسىز كۆرۈنىدىغان بىر ئادەم ئۇنى ئۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندى.
زالدىكى كىشلەر ئۇ ئادەمنى تۇتىۋېلىپ باشقا ئورۇنغا ئەپ كەتتى،بالا ئىسسەدەپ يىغلايتى،ئۇ يىغل
ىغاچ :« ئانا،مېنى چوڭئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، شۇ يەردە تۇراي،بىكار تاماق،بىكار ياتاق
بولغاندىكىن شۇ يەردە، بۇ ئادەم بىلەن تۇرمايمەن مەن،مېنى سەندەك بالام يوق دەپ نەچچە قې
تىم تىللىدى،ئەمدى قوپوپ ئاپىراتىمغا بىر تال سۈرەت لىنتىسى ئېلىپ بىرىڭ دىيىشمگە سەكرەپ
قوپۇپ ئۇرۇپ كەتتى،مېنىڭمۇ ئۇنداق دادام يوق ،ئۆزى قاچان قارسا تاپقان پۇلغا ھاراق ئىچسە
بولىدىكەن،ماڭا بىر تال بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە چىدىمامدىكەن،كارىم يوق مېنى چوڭ ئانامنى
ڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ » دەپ يەنى يىغىسىنى داۋام قىلدى .

ئانىسى ئۇنىڭ يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتەتتى،بالا ھېچ توختايدىغاندەك قىلمايتى،يۇق
ىرى سۆزلىرىنى تەكرالاپ يىغلاۋەردى.بالىنىڭ لەۋلىرىدىن قان ئېقىۋاتاتتى،ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ
كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى.

كاللامدا،دادام ـ ئانام شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتسىمۇ،بىزنى قاقشىتىۋاتقان ئېنىم،دادىسىدى
ن تاياق يەۋاتقان بۇبالا سېلىشتۇرما بولدى.

كۆزلىرىمدىن تۆكۈلىۋاتقان ياشلارنى سەزمەپتىمەن، بىر چاغدا يىغلاۋاتقان بالا كۆزلىرىنى يوغان ئ
ېچىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ،ئىنىنىڭ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدىم.بىردەمد
ە بىلەت تەكشۈرۈشنى باشلىدى،يۈك ـ تاقلىرىمىزنى سۆرەپ پويىزغا چىقتۇق.

ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپمۇ يەنە بايىقى كۆرۈنۈش كۆز ـ ئالدىمدىن كەتمىدى،كۆزلىرىمدىن ياش
قۇرىمىدى. بىزبەك كىيىن تەتىل قىلغان بولغاچ، ئوقۇغۇچىلار ۋاگونىدا ،ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە
ماڭالماپتىمەن،ئەتراپىمدا تۇغقان يوقلاشقا ماڭغان دىھقانلار،ئىشلەمچىلىككە ماڭغان خەنزۇلار جىق
ئىدى. بىر ئايالنىڭ قوپال سەت تىللىرى،ۋارقىراشلىرى دىققىتىمنى چاچتى،بۇرۇلۇپ قارىسام 40 ي

اشلارغا كىرگەن بۇغداي ئۆلۈك،دېهقان سۈپەت بىر ئايال بالىسىنى ھەدەپ ئۇرىۋاتاتتى، قۇچاقتىكى ئىككى ياشلارغىمۇ بارمىغان قىز چىرقىراپ يىغلايتى، ئايال :« يىغلىماۋا شۇم،ئادەمگە بىردەم ئارا مچىلىق بەرمەيسەن،جىم يېتىپ ئۇخلاپ قالساڭ بولمامدا، بېشىمنى ئاغرىتىقچە،يىغلىما،ھىلى بە كار دەرىزىدىن چۆرىۋېتىمەن » دەپ ۋارقىرىدى.ئۇ ئايالنىڭ ۋارقىراشلىرى كەيپىمنى ئۇچاردى.
كىچىككىنە بالا بىلەن تەڭ بولۇپ ئاشۇنداق تىللاش كىتەمدۇ؟
 ھەي ! تەربىيەسىزلىك ، مۇشۇنداق ئانا بالىسىنى قانداقمۇ ياخشى تەربىيلەپ چىقار،ئۇنىڭ تەربىە يلىگەن بالىسى قانداق ئەسكى خۇيلۇق بولۇپ چىقار؟
مەنچۇ؟ مەن ؟ مەنمۇ بەلكىم بىر قانچە يىلدىن مۇشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كىلەرمەن؟ مېنىڭ تەربىە يلىگەن بالام قانداق چوڭ بولار؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئۆگىتەلەرمەن؟ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئە گىشىپ يوقىلىپ كىتىۋاتقان بىزدىكى ئەنئەنە،مىللى روھ قاتارلىقلانى پەرزەنتىمنىڭ قېنىدا ساقلاپ قالالارلامەنمۇ؟ خىيال دەرياسىغا غەرق بولدۇم، كەلگۈسۈمنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم .

داغدۇغىسىز ئاھ مېنىڭ روھىم،

تەبرىكلىمەس مېنى ھېچكىم.

سورۇنى يوق سۆزمەن ناتىقمەن ،

« گاچا» دۇرمەن، سۆزلەيدۇ دىلىم.

مەن ئاقكۆڭۈل ساددا ئايالمەن،

قوشنىلارنىڭ ئىشرەتلىرىگە .

قىززىقسىنىپ ئاستا مارايمەن ،

ئالا ـ تاغىل سەكرەيدۇ بالام.

( نازىركومنى بىلمەيدۇ ئەسلا )

مەن شۇندىلا تونۇپ ئۆزەمنى،

ئۆكۈنمەن ـ

ئۈلگۈرەلمەي دېيىشكە « ئەستا »

ئەنسىرەيمەن ـ

ئۆزۈمدىن ئەمەس .

كەلگۈسۈمنىڭ «غوجا»سى بولمىش.

ئەبجەش كوچىدا قالغان بالامدىن.

بەك يامانكەن ،بەك يامان ئىمىش ،

21 ـ ئەسىردىكى يوقىتىش روھى.

بالام ئامان قالارمۇ زادى؟؟؟

ئۇف!!! بۇلارنى ئويلىغانچە يەنە كۆزلىرىمدە ياش كەلكۈنى يامرىدى.

مېنىڭ كەلگۈسۈم،بالامنىڭ كەلگۈسى مۇشۇنداق بوپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۇ چاغدا بۇنىڭ سەۋەبىنى كىمگە دۆڭگەيمەن،زامانغىمۇ؟ ئادەملەرگىمۇ؟؟؟

نېمە ئىش بولسا،قىلىدىغاننى قىلىپ قىلىۋېلىپ :« قانداق قىلىمىز ئەمدى ،كىم بىزنى مۇشۇنداق تەرەققى قىلغان زاماندا ياشىسۇن دەپتىكەن،بۇ ئىشلار شۇ زاماننىڭ تەلپى بىلەن مۇشۇنداق بوپ قالدى » دەپ گۆشرىپ ئولتۇرۇشقا بىز بەك ئۇستىغۇ؟

مۇشۇ بىز ئىنسانلارنىڭ بۇرۇنقى ساختىلىق ئارلاشمىغان تەبئي ھالىتىنى مۇمكىن بولسا بىر كۆرەلىسەمتىم،بىر قېتىملىق كۈلۈمسىرەشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي ئالدىراش،ئالدىراش دەپ چېپىپ يۈرىۋاتقان بۇ زامانىمىزدىن زېرىكتىم.

كىروران شەھرى،

يۈرىكىمنىڭ ئالبۇملىرىغا.

تولۇپ كەتتى سىنىك سۇرىتىك،

ۋىسال دىگەن قانداق نەرسىدۇ؟

بەك زىرىكتىم ھىجران دىگەندىن،

ۋاپاسىزكەن دۇنيا دىگەنغۇ؟!

قىچىپ كەتسەم دەيمەن بۇ يەردىن،

قۇچاق ئىچىپ قارشى ئالارمۇ؟

ماكان تۇتسام تەكلىماكاندىن،

قايتا قۇرسام كىروران شەھرىنى.

قۇملۇق بىسىپ كىتەرمۇ يەنە؟!

ئەنسىرەيمەن شۇندىن ھەمىشە .

مانا مۇشۇنداق ئۇ يەردە تىخى ياشىيالمسام،يا بۇ يەردە ياشىيالمسام.

بىنا سالسام قۇياش نۇرىنى توسۋالسا،كەپىگە بىرىۋالسام تەرەققىيات بورانلىرى كەپەمنى ئۇچۇرتۇ

پ كىتىۋاتسا.....مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟؟؟

كۆزلىرىمدىن سىرغىيدۇ ئارمان،

ۋۇجۇدۇمنى غاجار بىر ئازاب.

ئاچچىق ھىستا تىترەر لەۋلىرىم،

پۇچەكلەنگەن سايەمگە قاراپ.

كۆزلىرىمدىكى ياش نىمە ئۇچۇن تۆگمەيدۇ؟ ئەجىبا مىنى ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان مۇشۇ

سانسىز ئىشلار تۆگىگەندە ئاندىن توختامدىغاندۇ؟ ياكى يۈرەك سوقۇشتىن توختىغاندا ئاندىن تو

ختامدىغاندۇ؟ بۇنى ھىچ بىلمىدىم. مېنىڭچە بولسىغۇ يېتىپ يىسە تاغمۇ توشىمغاندەك ،يىغلاۋەرسە بۇ ياشلارمۇ تۈگەپ كىتىشى كىرەك ئىدى .

مەن پەقەت مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىكى سان ـ ساناقسىز يىغامنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى شۇنداقلا ،پەرەز قىلىپ باققان كەلگۈسىمدىكى بىر نەچچە قېتىملىق يىغامنى يېزىپ چىقىپتىمەن.

ۋۇجۇدۇمدىن چىقىرىپ بوران،

مۇداپىئە خادىمى تىز كەل.

يامرىماقتا مەلەك كۆزىدە،

ياش كەلكۈنى ھەركۈنى ھەرئان.

سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز نىمە ئۈچۈن ياش يۇقى ؟

بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بىرەلەمسىز؟؟مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئازابلىنالامسىز؟

تارىخ :2010 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇلدىن 27 ـ ئىيۇلغىچە يېزىلدى.